1933-يىلى 12-نويابىر قەشقەردە قۇرۇلغان «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇلغانلىقىنىڭ 77 يىللىقىنى، 1944-يىلى 12-نويابىر غۇلجىدا قۇرۇلغان «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇلغانلىقىنىڭ 66 يىللىقىنى چوڭقۇر سېغىنىش بىلەن خاتىرىلەيمىز.

# ئالغا



2010_يىللىق ئالاھىدە سان

ئالغا
2010

# ئالغا تور ژورنىلى

2010 ـ يىللىق ئالاھىدە سان

ئومۇمىي 1-سان

ژورنالنى بىكىتكۈچى: ئۇيغۇر تېكىن

تەھرىر: بوغدا

لايىھىلىگۈچى: بوغدا

## مۇندەرىجە

قورقۇنچ ۋە ئەركىنلىك ـ پىسخىك ساپا ئانالىزى ..... مەمتىمىن ئەلا 1

ئانا تىل نېمە ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم؟ .......... ئەركىن سىدىق 13

مىللىتىمىز ئاخىرقى نەپىسىنى ئېلىۋاتىدۇ! ........ غ.ئو زۇلپىقار 31

شەرقىي تۈركىستانىنىڭ كېلەچىكى............. ئەركىن ئەكرەم 37

مىللىي ئازادلىقنىڭ شەرتلىرى ................ ئەكرەم ھېزىم 56

ئۆش پاجىئەسى قىزىل ئىمپېرىيىنىڭ مىراسى .... نەبىجان تۇرسۇم 93

دادام تۇرغۇن ئالماسنىڭ تەرجىمىھالى ......... قۇتلۇق ئالماس 120

ئىككى قەھرىمان توغرىسىدا ھېكايىلەر .............. لۇتپۇللا 138

ياۋا كەپتەر.................... نۇرمەمەت ياسىن ئۆركىشى 150

سۇلايمان گۇۋاھ ........................ تاھىر تالىپ 169

ھازىدار بوغدا بۆگۈن ............. مۇھەممەتجان راشىدىن 172

ئانىنىڭ تىلىكى ........................... 173

2010 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى نەشرگە يوللاندى.
2010 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى تارقىتىلدى.

ئالغا ژورنىلى تەھرىراتى

# قورقۇنچ ۋە ئەركىنلىك ــ مىللىي دەۋادىكى پىسخىك ساپا ئانالىزى

پەلسەپە پەنلىرى دوكتورى مەمتىمىن ئەلا

> ئەگەر بىر ئادەم ياكى بىر توپ ۋە ياكى بىر مىللەت غايەت زور قورقۇنچنىڭ ئاستىدا بولسا، ئۇلارنىڭ ئىنسانىيلىقنى چىقىش قىلىپ ھەرىكەت قىلغان ياكى ئويلىغانلىقىغا ئىشەنگىلى بولمايدۇ.
>
> ــ بېرتراند رۇسسېل

قورقۇنچ ئىنساننىڭ ئۆزىنىڭ قۇدرىتىدىن ياكى بىلىشى ھەم قىياسىدىن ھالقىپ كەتكەن شۇنداقلا ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا قارىتا تەھلىكە شەكىللەندۈرىدىغان ئوبيېكتتىن ۋەھىمە ھېس قىلىش ھېسسىياتىدۇر. قورقۇنچ بەزىدە ئادەمدە ئۆزى قورقۇۋاتقان ئوبيېكتقا ئۆچمەنلىك ھېسسىياتىنى قوزغىسا، بەزىدە ئۇنىڭدىن يىرگەندۈرىدۇ، يەنە بەزىدە بولسا ئادەم ئۇنىڭدىن قېچىشنى ئىستەيدۇ. شۇنىڭدەك، يەنە شۇنداق قورقۇنچمۇ باركى، ئۇ ئىنساننىڭ قەلبىدىن تاكى ئۇ ئۆلگۈچە يوقىمەيدۇ، ئۇنى داۋاملىق ئارامسىزلاندۇرىدۇ ۋە چىدىغۇسىز دەرىجىدە ئازابلاپ تۇرىدۇ. دېمەك، قورقۇنچتا ئادەم بىلەن ئۇ قورقۇۋاتقان ئوبيېكت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت كۆپ ھاللاردا ياتلىشىش ھالىتىدە بولىدۇ .

بۇ يەردە ــ ئادەم، قورقۇنچ ئوبيېكتى ۋە قورقۇنچتىن ئىبارەت بۇ ئۈچ ئامىل ئىنتايىن مۇرەككەپ بولغان بىلىش پائالىيىتى بىلەن باغلانغان. قورقۇنچنى مۇشۇ مەنىدىن كەڭ دائىرىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا مۇنداق ئىككى تۈرگە بۆلۈش مۇمكىن. بىرى، ئادەم ئۆزىنىڭ فىزىكىلىق ئىقتىدارىدىن ھالقىپ كەتكەن، لېكىن قانداق سۈپەتلىكلىكى بىلىنىشلىك ئوبيېكتتىن قورقۇنچ ھېس قىلىدۇ. ئىككىنچىسى، ئادەم ئۆزىنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارى دەڭسىيەلمەيدىغان ھەم بىلىش دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتكەن ئوبيېكتتىن قورقۇنچ ھېس قىلىدۇ. ئالدىنقىسى بىزگە ئۆزىنىڭ ئەتراپىمىزدىكى ياكى يىراقتىكى دائىمىي مەۋجۇتلۇقى بىلەن تەھلىكە سېلىپ تۇرىدىغان ئوبيېكتنىڭ بىزدە قوزغايدىغان قورقۇنچىنى كۆرسەتسە، كېيىنكىسى بىزنى، بىزنىڭ بىلىش ۋە ھەتتا ئەكس ئەتتۈرۈش قابىلىيىتىمىزدىن ھالقىپ كەتكەن ئوبيېكتنىڭ داۋامى ۋە ئىزتىراپلىق دەككە ـ دۈككىگە سېلىپ تۇرۇشىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل قورقۇنچنى تەشۋىش دەپ چۈشىنىشكىمۇ بولىدۇ. تەشۋىش ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ بىلىش دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتكەن نامەلۇم، ئېنىقسىز ۋە تۇتۇق ئوبيېكتتىن تەھلىكە ھېس قىلىپ تۇرۇشىنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا ئۇنى ھەتتا يوقلۇق ھەققىدە ئادەمدە كۆرۈلىدىغان تىرەن ۋە ئاسانلىقچە يوقالمايدىغان قورقۇنچ دېيىشكىمۇ بولىدۇ. ئالدىنقى تۈردىكى قورقۇنچتا ئادەم قورقۇنچ ئوبيېكتى بىلەن بىلىش نۇقتىسىدىن مۇئەييەن مۇناسىۋەت قۇرالىسىمۇ گەرچە بۇ مۇناسىۋەتنىڭ قانچىلىك پاسسىپ ۋە ياتلىشىش ھالىتىدە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، كېيىنكىسىدە بۇنداق مۇناسىۋەت يوقالغان بولىدۇ. بۇنىڭدا ئادەم (زىتلىق نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا) ئوبيېكت ئارقىلىق ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئايان قىلىدىغان نامەلۇملۇق، يوقلۇق ۋە ئېنىقسىزلىق تەرىپىدىن ۋەھىمىگە چۆكىدۇ. قورقۇنچنىڭ مانا مۇشۇ ئىككى خىل مەنىسى بىز مۇھاكىمە قىلماقچى بولغان ئەركىنلىك مەسىلىسىگە زىچ باغلانغان.

ئەركىنلىك ئادەتتە ھېچقانداق زورلۇق كۈچى (زورلاش) ۋە بېسىم كۈچى ئىشلىتىلمىگەن ئەھۋال ئاستىدىكى پسىخىك ھالەتنى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارىلىدۇ. پەيلاسوپ ئىزاك بېرلىننىڭ تەبىرى بويىچە ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ «زورلىنىشتىن خالىي بولغان ئەركىنلىكتۇر.» بۇ خىل ئەركىنلىك زورلۇق

كۆچى بولمىغان ياكى ئۇنىڭدىن قۇتۇلغان ئەھۋال ئاستىدا ئادەمنىڭ ئۆزگە ئۆزى خوجايىن بولغان ئەھۋال ئاستىدا ئۆزى تۇرۇۋاتقان شارائىتنى چىقىش قىلىپ ۋە ئۇنىڭغا قارىتا مۇستەقىل ھۆكۈم قىلالىشىنى كۆرسىتىدۇ. يىغىپ ئېيتقاندا بۇ خىل ئەركىنلىك دەل قورقۇنچتىن خالىي ۋە ئۇنىڭدىن ئازاد بولغان ئەركىنلىكتۇر. شۇنىسى ئېنىقكى، ئەركىنلىك ھەققىدىكى يۇقىرىقى تەبىردە ئەركىنلىك ئاكتىپ مەنىدە ئەمەس بەلكى پاسسىپ مەنىدە يەنى ئۆز-ئۆزىدىن يېتەرلىك بولغان ئەركىنلىك سۈپىتىدە ئەمەس بەلكى مەلۇم ئامىللارنىڭ يوقلۇقى ھەم كەمچىللىكى مەۋجۇت بولغان ئەھۋال ئاستىدىلا مەيدانغا كېلىدىغان پسىخىك ھالەتنىڭ سۈپىتىنى كۆرسىتىدۇ.

بىرەر كوللېكتىپنىڭ، توپنىڭ ياكى مىللەت ئەھۋالىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ ئەركىنلىكىمۇ ئۇلارنى ئىچكى ۋە تاشقى جەھەتتىن يۈرگۈزۈلىدىغان بېسىم ۋە زورلۇقنىڭ بولۇش بولماسلىقى ۋە ئۇنىڭ دەرىجىسىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ماقالىمىز ئۇيغۇرلارنىڭ نۆۋەتتىكى كوللېكتىپ پسىخىك ساپاسىغا كۈچلۈك ئەكس تەسىر كۆرسىتىۋاتقان قورقۇنچ ئېڭىنى شەرھلەش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ سىياسىي تەقدىرىدىكى ۋە مىللىي مۇستەقىللىق كۈرىشىدىكى تۈرلۈك مەسىلىلەرگە تولغان ئەركىنلىك ئېڭىغا قىسقىچە قاراپ چىقىدۇ. شۇ ئارقىلىق قورقۇنچ بىلەن ئەركىنلىكنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ قانداق بىر تەرەپ قىلىنىشىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ كەلگۈسىدىكى مىللىي مۇستەقىللىق كۈرىشىدە (ھەم مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈشتە قانداق كوللېكتىپ پسىخىك ساپانىڭ بولۇشىدا) ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقى تەكىتلىنىدۇ.

ئۇيغۇرلار خىتاينىڭ ئىستىلاسىغا ۋە زۇلۇمىغا چۈشۈپ قالغان ئەللىك نەچچە يىلدىن بېرى خىتايلار ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ۋاستىلەر بىلەن سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە كۇلتۇر جەھەتتىن تالان-تاراج قىلىش سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ، شەرقىي تۈركىستاننى ئۈستى ئوچۇق تۈرمىگە ئايلاندۇرۇپ كەلمەكتە. ئەگەر ئۇيغۇرلارنىڭ نۆۋەتتىكى ئېچىنىشلىق ئەھۋالىنى تۈرمىدە ياتقان بىر مەھبۇسنىڭكىگە سېلىشتۇرساق، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالىنىڭ تېخىمۇ

ئېچىنىشلىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز. گەرچە تۈرمىدىكى ئادەم ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم بولۇپ كىچىككىنە بوشلۇقتا ھەرىكىتى چەكلىمىگە ئۇچراپ قامالسىمۇ ۋە ئۆز بېشىغا كېلىشى مۇمكىن بولغان خىلمۇخىل قىيىن قىستاقلاردىن قورقۇپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا ئۆز كەلگۈسى ھەققىدە كۆپ ھاللاردا (لېكىن دائىم ئەمەس) ئاز تولا ئېنىقلىق بېرىلگەن. مەسىلەن: ئۇنىڭغا نېمە جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىكى سەۋەبىدىن مەھبۇسلۇققا بۇيرۇلغانلىقى ۋە بۇنىڭ قانچىلىك ۋە قايسى خىل ئۇسۇلدا داۋاملىشىدىغانلىقى ھەققىدىكى مەلۇمات ــ گەرچە ئاز تولا بولسىمۇ بېرىلىدۇ. ئادەتتە قەدىمدىن بېرى بىرەر جىنايەتچىنى تۈرمىگە قاماشتىكى تۈپكى سەۋەبلەر كۆپ خىل بولۇپ كەلدى، لېكىن بۇلارنى يىغساق تۆۋەندىكىدەك ئورتاقلىقلار بار. بۇنىڭ بىرىنچىسى جىنايەتچىنى زورلۇق ئۇسۇلى يۈرگۈزۈش ئارقىلىق قاماپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ خاتالىقى ۋە جىنايىتىگە توۋا قىلدۇرۇش بولسا، ئىككىنچىسى ئۇنى تۈرمىگە سولاپ ئۇنىڭ ئەركىن ھەرىكەت قىلىشىغا چەكلىمە قويۇش ئارقىلىق ئۇنىڭ يەنە ئوخشاش خىلدىكى جىنايەتنى ياكى باشقا جىنايەتنى سادىر قىلىشىنى توسۇش ھەم ئالدىنى ئېلىش، ئۈچىنچىسى بولسا ئۇنى جازالاش ئارقىلىق جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ئالدىدا ئادالەتنى ئەۋج ئالدۇرۇش ھەم ئۇنىڭ قىلمىشىدىن باشقىلارغا ئىبرەت قىلدۇرۇش، تۆتىنچىسى بۇ ئارقىلىق مەزكۇر جىنايەتچى بۇزغان، تەھلىكە شەكىللەندۈرگەن ۋە كوللېكتىپنىڭ ھاياتى ۋە مەنپەئىتىگە زىيانلىق بولغان قىلمىش ۋە ئىدىيىگە قارىتا قايتىدىن سىمۋوللۇق ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئېلىپ بېرىش قاتارلىقلاردۇر. لېكىن ئۇيغۇرلارنىڭ بىر پۈتۈن مىللەت كوللېكتىپى سۈپىتىدە ئۆزلىرى ئۈچۈن تۈرمىگە ئايلاندۇرۇلغان ۋەتىنىدە ــ يەنى ئۆزىنىڭ ئەۋلادتىن ئەۋلاد ياشاپ كەلگەن ئانا ۋەتىنى شەرقىي تۈركىستاندا كوللېكتىپ مەھبۇسقا ئايلىنىشى يۇقىرىقى مىسالدىكى مەھبۇسنىڭ ئەھۋالىدىنمۇ قورقۇنچلۇقتۇر. ئۇيغۇرلار قايسى گۇناھى ئۈچۈن بۇ جازاغا ئۇچرىدى؟ ئۇلار بۇ تۈرمىدە قايسى گۇناھى ئۈچۈن كىمگە قانداق توۋا قىلىشى كېرەك؟ ئەگەر ئۇيغۇرلارنىڭ كوللېكتىپ مەھبۇسلۇقى ئادالەتنىڭ يۈرگۈزۈلۈشى ئۈچۈن دەپ قارالغان ئەھۋال ئاستىدا، بۇ كىمنىڭ ئادالىتى ۋە بۇ قانداق ئادالەت؟ ئۇيغۇرلارغا ئۆزلىرىنىڭ بۇ تۈرمىدىكى ۋاقتىنى (سۈرۈكىنى) ۋە

كەلگۈسىنى قىياس قىلىش ھەم بىلىش ھوقۇقى بېرىلىدىمۇ؟ ئۇيغۇرلار بۇ تۈرمىدە ئەركىن پىكىر قىلىش ھوقۇقىغا ئىگىمۇ ـ يەنى ئۇلار خۇددى ھەرقانداق بىر مەھبۇستەك گەرچە تېنى بوغۇشلانغان بولسىمۇ ئەقلىنى ئەركىن ئىشلىتىپ پىكىر قىلالامدۇ؟

خىتاي ھۆكۈمدارلىرى تەرىپىدىن كوللېكتىپ تۇتقۇنلۇققا چۈشۈرۈپ قويۇلغان ئۇيغۇرلارنىڭ «گۇناھى» دەل ئۇلارنىڭ خىتاينىڭ يۇتۇۋەتمەكچى بولغان شەرقىي تۈركىستاننىڭ قانۇنلۇق، تارىخىي ۋە كۈلتۈرلۈق ئىگىسى بولۇپ قالغانلىقىدۇر. ئۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئەركىن خەلق ئىكەنلىكىنى خىتاي ئۇنتۇلدۇرۇشقا شۇنچە كۈچىسىمۇ ئۇنتۇماي، ئۆز ئەركىنلىكى ئۈچۈن كۈرەشنى بىر مىنۇتمۇ توختىتىپ قويمىغانلىقىدۇر. ئۇ خىتايغا شۇنىڭ ئۈچۈن «تووۋا» قىلىشقا مەجبۇرلىنىدۇكى، ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىل ۋە يوشۇرۇن ھالەتتىكى ئىدىيىگە ئىگە بولۇشى خىتاي ھاكىمىيىتى ئۈچۈن خەتەرلىكتۇر. بۇلارنىڭ ھەممىسى تووۋا قىلىش يولى ئارقىلىق خىتايغا بىلىنىشى ۋە ئاشكارلىنىشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇيغۇرلار خىتاينىڭ ئۇلارنى بېسىۋېلىش ئارقىلىق ئۇلارغا بەرگەن «مېھىر شەپقىتىگە» رازى بولۇپ، خىتاينىڭ ياۋاش پۇقراسى بولۇشى ۋە خىتاينى قۇتقۇزغۇچىسى دەپ بىلىشى كېرەك. مانا بۇ ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ۋە ئوپئوچۇق تاجاۋۇزچىلىق خاراكتېرىگە ئىگە ئادالەت دەپسەندىچىلىكىنىڭ، ئادالەتسىزلىكىنىڭ ساختا نىقابلار بىلەن پەردازلىنىپ «ئادالەت» سۈپىتىدە بازارغا سېلىنىشىدۇر. مانا مۇشۇنداق ئادالەتسىزلىكلەرنىڭ بۇ كوللېكتىپقا كەلتۈرۈۋاتقان ئاخىرقى زوراۋانلىقى دەل ئىدىيە زوراۋانلىقىدۇر. بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان ئىدىيە زوراۋانلىقى خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ھېچقانداق ئىدىيىگە ئىگە ئىكەنلىكىگە يول قويماسلىقىنى ئەمەس بەلكى ئالدى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ پەقەت خىتاينىڭ مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن بولغان ۋە ئۇنى گەۋدىلەندۈرىدىغان بىرلا خىل ئىدىيىگە ئىگە بولۇشىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئىدىيىنى ئۇيغۇر كوللېكتىپىنىڭ ئېڭىدا چوقۇم قىلىش كېرەك بولغان ھەرىكەت ۋە ئوي مىزانى سۈپىتىدە يىلتىز تارتقۇزۇۋېتىش خىتاينىڭ ئىدىيە مۇستەملىكىچىلىكىنىڭ تۈپكى خاراكتېرىدۇر.

بۇ ئارقىلىق خىتايلار ئۇيغۇرلارنى بۇ ھەرىكەت ۋە ئۇي مىزانىغا خىلاپلىق قىلسا تەبىئىي ھالدىلا گۇناھ ھېس قىلىدىغان، ئۆزىنى ئۆزى سورايدىغان ۋە خىتاينىڭ قىلغان ئەتكەنلىرىنىڭ ئەقىلگە مۇۋاپىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدىغان قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ. شۇ ئارقىلىق خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارنى ئۆزلىرىنىڭ كەلگۈسىنىڭ پەقەت خىتاي ۋە ئۇنىڭ ئىرادىسى بىلەنلا ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىغا ئىشەندۈرىدۇ. مانا مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى خىتايلارنىڭ ئۇيغۇر كوللېكتىپىنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىغا خىتايغا قارىتا تارىختىن بېرى سەۋرچانلىق بىلەن ئېلىپ بېرىۋاتقان ئىنتايىن تىرەن قورقۇنچ ئېڭىنى يېتىلدۈرۈش ۋە بۇنى چوڭقۇر يىلتىز تارتقۇزۇش، شۇنداقلا تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇشى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشقان. دەل قورقۇنچ خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا ۋەتىنىنىلا ئەمەس بەلكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مۇقەددەس تۇپرىقى بولغان ئېڭىنىمۇ (قەلبىنىمۇ) مۇنقەرز قىلىشىنىڭ يولىغا ئايلانغان. بۇ مۇنقەرزلىك ئۇ قەدەر ئۇستىلىق بىلەن ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇكى، ئۇنى ئاڭقىرىش ۋە ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇش شۇ قەدەر تەسكە چۈشۈۋاتىدۇ، چۈنكى ھېچنېمە ئەمەس دەل قورقۇنچ ئۇيغۇرلار بىلەن خىتايلار ئوتتۇرىسىدىكى دۈشمەنلىك ھېسسىياتىنى ۋە كۇلتۇر پەرقىنى ئۇستىلىق بىلەن نىقابلاپ، ئۇيغۇرلارنى ئۆز ئىچىدىن ئۆز ئۆزىگە دۈشمەن قىلىپ قويۇۋاتىدۇ

ئۇيغۇر مەۋجۇدىيىتى نۆۋەتتە دۇچ كېلىۋاتقان ئەڭ چوڭ خىرىسلارنىڭ بىرى ئۇنىڭ تاجاۋۇزچى خىتاي دۆلەت ئاپپاراتىغا بولغان قورقۇنچىنىڭ بىر تەرەپلىمە ھالدا كۈنسېرى ئېغىرلاپ بېرىشى ۋە ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىنىڭ جىددىي تۆۋەنلىشىدۇر. خىتاي مائارىپتىن ئىبارەت بۇ ئىنتايىن ھالقىلىق تەلىم تەربىيە بازىسىنى تۇتقا قىلىش ئارقىلىق ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى نامىدا ئۇيغۇر ئۆسمۈرلىرىگە ئۆزلىرىنىڭ دۇنيادىكى قۇدرەتلىك ئارمىيىگە ۋە ئاتالمىش بەش مىڭ يىلدىن ئارتۇق مەدەنىيەت تارىخىغا، شۇنداقلا ئىقتىسادىي جەھەتتە كۈنسېرى روناق تېپىۋاتقان بىر دۆلەتنىڭ ئىچىدە ياشاۋاتقانلىقىنى پۈتۈن چارە ئاماللار بىلەن بىلدۈرۈپ، ئۇلارنىڭ قەلبىنىڭ چوڭقۇرلۇقلىرىدا قورقۇنچ شەكىللەندۈرۈشكە تىرىشىپ كېلىۋاتىدۇ. خىتاي

ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئىنتايىن ئىستراتېگىيىلىك يوسۇندا ئورۇنلاشتۇرۇلغان بۇ ھەيۋەتلىك تەشۋىقاتنىڭ ئۇنۇم بېرىشى نەتىجىدە ئۇيغۇرلارنىڭ كوللېكتىپ ئېڭىدا خىتاينىڭ بۇرۇنقى ئاجىز، رەزىل ۋە ئەخلاقسىز مىللەتلىك سەلبىي ئوبرازى بارغانسېرى يوقىلىپ، ئۇلارنىڭ يېڭى ئوبرازى ــ يەنى ھەر تەرەپتىن گۈللىنىۋاتقان ۋە خەلقئارادىكى ئورنى كۈندىن كۈنگە ئۆسۈۋاتقان بىر دەرىجىدىن تاشقىرى دۆلەتلىك ۋە مىللەتلىك ئوبرازى تىكلىنىۋاتىدۇ. بۈنىڭدىن بارغانسېرى قورقۇنچ ھېس قىلىۋاتقان بەزى ئۇيغۇرلار ئەلۋەتتە ئۆزىنىڭ قورقۇنچ ئوبيېكتى بولغان خىتايلارغا ئۆزلىرى بىلىپ بىلمەي نۇرغۇنلىغان ئاكتىپ سۈپەتلەرنى قوشۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆز قەلبىدىكى ئوبرازىنى تېخىمۇ يۈكسەلدۈرۈۋېتىپ (ئىدېئاللاشتۇرۇپ) بېرىۋاتىدۇ. شۇنداق قىلغانسېرى، قورقۇنچى ھەسسىلەپ ئېشىۋاتىدۇ. مانا بۇ قورقۇنچ بىلەن قورقۇنچ ئوبرازىنىڭ مۇناسىۋەتلىشىشىدىن كېلىپ چىققان رەزىل ئايلانمىدۇر. نەتىجىدە بۇ بىر قىسىم ئۇيغۇرلار ئاگىسىز ھالدا ئۆز قەلبىدە ئىچكىيلەشتۈرۈۋالغان خىتايلارنىڭ زىيادە كۆپتۈرۈلگەن ئوبرازىنىڭ قۇربانلىرىغا ئايلىنىپ كەتمەكتە.

ئۇنىڭ ئۈستىگە ئادەمدە قىيىن ـ قىستاققا ئۇچراش، جازالىنىش ۋە ئۆلۈمگە قارىتا تۇغما قورقۇنچ تۇيغۇسى بار. ئۇيغۇر ئىجتىمائىيىتىدە مېدىئا ۋاستىلىرى ئارقىلىق كۆپتۈرۈپ تەرغىب قىلىنغان «شەرقىي تۈركىستان ئۇنسۇرلىرى» دەپ قارىلانغان شەرقىي تۈركىستاندىكى ئەركىنلىك ئىزدىگۈچىلەرنىڭ پاجىئەلىك تەقدىرى، ئۇلارنىڭ ئېچىنىشلىق تۈرمە ھاياتى ۋە خانۇ ۋەيران بولغان ئائىلىۋى ھاياتى قاتارلىقلار ئۇيغۇرلارنىڭ قەلبىدىكى قورقۇنچنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇردى. ئۇلارنى خىتاينىڭ قەبىھ شەكىلدىكى قىساس ئېلىشىدىن ئېھتىيات قىلىدىغان قىلدى. تاشقى سەۋەبتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئەتراپىدىكى دۆلەتنىڭ، جۈملىدىن شاڭخەي ھەمكارلىق كېلىشىمگە ئەزا دۆلەتلەرنىڭ، خىتاي بىلەن بولغان ئىچقويۇن ـ تاشقويۇن سىياسىتى مەزكۇر كېڭەشكە ئەزا بولغان ۋە بولماقچى بولغان دۆلەتلەرنىڭ جۇغراپىيىلىك چەمبىرىكىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان

ئۇيغۇرلارنى ئېغىر ئۈمىدسىزلىككە دۇچار قىلدى. ئۇيغۇرلارنىڭ دۇنيادىكى، جۈملىدىن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقانداق شەكىلدىكى مۇستەقىللىق پائالىيەتلىرىنى باستۇرۇش مەقسىتىدە قۇرۇلغان بۇ تەشكىلاتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي جەھەتتىكى ھەمكارلىقلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇشبۇ رايوندىكى پائالىيىتىگە ئېغىر قامال ئېلىپ كەلدى.

خىتايلار مۇشۇ ئارقىلىق باشقا ئۇيغۇر ئاممىسىغا ئىبرەت قىلدۇرۇش ۋە شۇ ئارقىلىق ئۇلاردا خىتاي ھاكىمىيىتىدىن قورقۇش پسىخىكىسىنى يېتىلدۈرۈۋاتىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ كوللېكتىپ ئېڭىدا كوللېكتىپ ھالدىكى قورقۇنچىنىڭ چوڭقۇرلىشىشى ئۇيغۇرلارنى ئۆز كەلگۈسىگە قارىتا ئىشەنچىنىڭ تەۋرىنىپ قېلىشىنى بارلىققا كەلتۈرۈۋاتىدۇ. دېمەككى، ئىچكى ۋە تاشقى ئامىللارنىڭ رولى ئارقىلىق مەيدانغا كەلگەن زىيادە ۋە سۈنئىي ئۇسۇلدا يېتىشتۈرۈلۈپ چىقىلغان قورقۇنچ ئېگى بىر قىسىم ئۇيغۇرلارنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىدا چوڭقۇر يىلتىز تارتقۇزۇلدى ــ يەنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا تېخىمۇ ئىچكىيلەشتۈرۈلدى. ياكى مۇنداقچە ئېيتقاندا، خىتاي تۈرلۈك يوللار ئارقىلىق ئۆزىنىڭ قۇدرەتلىك بولغاچقا ئۇنىڭدىن قورقۇشنىڭ ئەقىلگە مۇۋاپىق بىردىنبىر تاللاش ئىكەنلىكىنى تۈرلۈك يوللار بىلەن پۈتكۈل ئۇيغۇرلارنىڭ كاللىسىغا قويۇۋېتىشكە ھەرىكەت قىلىۋاتىدۇ. ئەنە شۇ قورقۇنچ قانچە چوڭقۇر يىلتىز تارتسا خىتايلار ئۆزلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملىشى ۋە ئۇنى ئوڭۇشلۇق يۈرگۈزۈشى شۇنچە ئوڭاي بولىدۇ. ھەتتا خىتايلار قىلچە كۈچىمەيلا ئۇيغۇرلارغا ئۆزىنىڭ ھازىرقى سىياسىي تەقدىرىنى ھېچقانداق قارشىلىقسىز قوبۇل قىلدۇرالايدۇ ۋە ھەتتا ئۇلارنى مۇستەقىل بولۇش غايىسىدىن بىر پاي ئوق چىقارماي تۇرۇپ ۋاز كەچتۈرەلەيدۇ.

ئىچكىيلەشتۈرۈلگەن قورقۇنچ ئېگى تاشقى جەھەتتىن پوپوزا ۋە بېسىم كۆرسىتىش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدىغان قورقۇنچىتىنىمۇ قورقۇنچلۇقتۇر. چۈنكى ئۇنىڭدا قورقۇنچ ئىچىدىن يەنى قەلبتىن ھېس قىلىنىپلا قالماستىن تېخىمۇ يامىنى قورقۇنچ ئوبيېكتى بولغان خىتاي ئوبرازى قەلبتە ھەر ۋاقىت ئىنتايىن قۇدرەتلىك ۋە يېڭىلمەس كۈچ ئوبرازى سۈپىتىدە چۈشىنىلىدۇ.

ھەتتاكى بۇ ئوبراز قەلبتە مىنىڭ يەنە مىنىڭ يەنە بىر ھالىتىمگە يەنى مىنىڭ يەنە بىر «مەن» نىمىنىڭ شەكلىگە كىرىۋېلىپ ئەسلىدىكى «مەن» نى بىلەن توقۇنۇشىدۇ. خىتاينىڭ تەھدىتى ھەر ۋاقىت ۋە ھەر يەردە مۇشۇ يول ئارقىلىق ھېس قىلىنىپ تۇرىدۇ. قارىماققا، شەرقىي تۈركىستاندا ھەممە خەلق ئۆزلىرىنىڭ ئىش-ئوقىتى بىلەن ئالدىراش يۈرۈۋاتقاندەك قىلىۋاتقىنى بىلەن، لېكىن چوڭقۇر دەرىجىدە ئىچكىيلەشتۈرۈلگەن ۋە كۆرۈنمەس قورقۇنچ ئېڭى ئۇيغۇرلار ئۆزلىرى سېزەلمىگۇدەك دەرىجىدە ئۇلارنىڭ ھەر بىر ھەرىكىتىنى ۋە پىكىر قىلىشىنى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ قولى ۋە يولى ئارقىلىق تەكشۈرۈپ تۇرىدۇ. نەتىجىدە بۇ خىل ئىچكىيلەشتۈرۈلگەن ئوبرازنىڭ ئۇيغۇر كوللېكتىپ ئېڭىدا يوشۇرۇن رول ئوينىشى ئارقىسىدا بەزى ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنى خۇددى خىتايلار تەكشۈرۈۋاتقاندەك تەكشۈرۈشكە چۈشىدۇ ۋە قىلىۋاتقان ئىش-ھەرىكىتىنىڭ خىتاينىڭ مەنپەئىتى بىلەن توقۇنۇشۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئامالىنىڭ بارىچە كۆچەيدۇ. خىتايلار دەل مۇشۇ يول ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنى ئۆزلىرىنىڭ قولى ئارقىلىق تېخىمۇ قاتتىق كونترول قىلىش مەقسىتىگە يېتىۋاتىدۇ.

زىيادە قورقۇنچىنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق دۈشمەننىڭ ئىچكىيلەشتۈرۈلگەن ۋە كۆپەيتۈرۈلگەن ئوبرازى ئۇيغۇرلارنىڭ كوللېكتىپ ئېڭىنى ۋە ئىرادىسىنى ئىچكى جەھەتتىن بىر نەچچە قاتلامغا بۆلىۋېتىدۇ. بۇ بۆلىنىش ئەركىنلىكنى خالايدىغان ۋە ئۇنى تاشقى جەھەتتىن كېلىدىغان ھېچقانداق بېسىمنىڭ توسقۇنلۇقى بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا يۈرگۈزۈشنى ئىستەيدىغان ئەسلىدىكى «مەن» بىلەن ئۇنىڭ بۇ ئارزۇسىنى توسىدىغان ۋە ئۇنى قورقۇنچلۇق ئاقىۋەتلەرنىڭ خىلمۇ خىل تەسەۋۋۇرلىرى ئارقىلىق كونترول قىلماقچى بولغان يەنە بىر «مەن» ــ يەنى خىتاينىڭ ئوبرازىنىڭ ئىچكىيلەشتۈرۈلىشى ئارقىلىق مىنىڭ ئېڭىمنىڭ بىر پارچىسىغا ئايلىنىۋالغان يەنە بىر «مەن» ئوتتۇرىسىدىكى بۆلىنىش ۋە توقۇنۇشتۇر. ئىككىنچى مەنىدىكى «مەن» دەل خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا يۈرگۈزۈپ كېلىۋاتقان نەچچە ئون يىللىق دۆلەت تېرورلۇقىنىڭ مەھسۇلىدۇر. بۇ «مەن» ئۆزىدىن پۈتۈنلەي

ياتلاشقان «مەن» بولۇپ، ئۆزى بىلىپ-بىلمەي دەل ئۆزىنىڭ ئەزگۈچىسىنىڭ رولىنى ئالىدۇ. مەسىلىنىڭ ئەڭ ئىزتىراپلىق تەرىپى شۇكى، بەزى ئۇيغۇرلار ئۆز قەلبىدىكى مانا مۇشۇ ياتلاشقان «مەن» نىڭ ئۆزىنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنىنىڭ ئىچكىيلەشتۈرۈلگەن ئوبرازى ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ. ئۇنىڭ سەۋەبىدىن بارلىققا كېلىۋاتقان ھەر بىر پىكىرنى ۋە ئىدىيىنى خۇددى ئۆزىنىڭ ئىدىيىسى ۋە پىكرى دەپ قارايدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، خىتاي ئۆزىنى ئۇيغۇرلارنىڭ بېشىدا ئوينىتىۋاتقان دەھشەتلىك زۇلۇم ئېلىپ كەلگەن قورقۇنچىنىڭ ياردىمى ئارقىلىق ئىچكىيلەشتۈرۈۋېلىپ، سېزەلمىگۈدەك دەرىجىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز كىملىكىنى ئاڭقىرىشىنىڭ بىر پارچىسىغا ئايلىنىۋالدى. ئەڭ دەھشەتلىكى، شۇنىڭ بىلەن ھەر بىر ئۇيغۇرنىڭ قەلبىدە «ئۇيغۇرلۇق» بىلەن «خىتايلىق» تىن ئىبارەت چوقۇم ساقلىنىشى كېرەك بولغان كۈلتۈر پەرقى ئەسلىدىكى «مەن» بىلەن ئىچكىيلەشتۈرۈلگەن «مەن» نىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنىڭ يوقىلىشىغا ئەگىشىپ يوقىلىشقا باشلايدۇ. مەن ئاخىرىدا ئۆز ئىچىمدىن ئۆزۈم سېزەلمىگۈدەك دەرىجىدە ئۆزۈمنىڭ دۈشمىنىگە ئايلاندۇرىلىمەن. مېنىڭ ھەقىقىي دۈشمىنىم بولغان خىتاي بولسا مېنى ئۆزىنىڭ ئىچكىيلەشتۈرۈلگەن ئوبرازى، سۈرى ۋە ھەيۋىتى ئارقىلىق يوشۇرۇن تەرزدە ئۈنۈملۈك باشقۇرۇش مەقسىتىگە يېتىدۇ. دېمەك، ئۇيغۇرلارنىڭ كوللېكتىپ ئېڭى مانا مۇشۇنداق چېكىدىن ئاشقان زوراۋانلىق ئېلىپ كەلگەن قۇتۇلغۇسىز قورقۇنچتا ياشاشقا مەجبۇرلانغاچقا، ئۇلار ئۆزگە بولغان ئىشەنچىنى بارغانسېرى يوقىتىپ قويۇۋاتىدۇ، ئۆز ئۆزىدىن—ئۆزىنىڭ كىملىكىدىن بارغانسېرى ياتلىشىۋاتىدۇ ۋە بەزىدە ھەتتا ئۆز ئۆزىدىن ئۆزى بىلىپ بىلمەي نەپرەتلىنىۋاتىدۇ.

ئۆزىدىن نەپرەتلىنىش قورقۇنچ ئېلىپ كەلگەن يەنە بىر ئاقىۋەت بولۇپ، ئەسلىدىكى «مەن» بىلەن ئىچكىيلەشتۈرۈلگەن «مەن» نىڭ—يەنى خىتاينىڭ «مەن» سىياقىغا كىرىۋېلىپ ئەسلىدىكى مەننى كونترول قىلىشى ۋە داۋاملىق توختىماي ئەيىبلەپ تۇرۇشى نەتىجىسىدە ئۇنىڭغا خۇددى بىرەر ئىشنى خاتا قىلىۋاتقان تۇيغۇغا كېلىش ۋە ئۆزىنى گۇناھ ئۆتكۈزۈۋاتقاندەك

ھېس قىلدۇرۇشتۇر. ئەڭ ئاخىرىدا، ئادەم ئۆزىنى گۇناھكار ھېسابلىشىش جەريانىدا ئۆزىدىن نەپرەتلىنىدۇ.

خىتاينىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ئىنسان قېلىپىدىن چىققان سىياسىتىدىن كېلىپ چىققان ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ كوللېكتىپ پىسخىكىسىغا قارىتا بىر قوللۇق ئېلىپ بېرىلغان پىسخىكا زوراۋانلىقى ۋە زىيانكەشلىكىنىڭ مەھسۇلى سۈپىتىدىكى قورقۇنچ، شەرقىي تۈركىستاندىكى خەلقىمىزنىلا ئەمەس بەلكى چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلارنىمۇ ئۆز ئىسكەنجىسىگە ئېلىپ كېلىۋاتىدۇ. ئەگەر ۋەتەن ئىچىدىكى خەلقىمىزنى قورقۇنچنىڭ بىۋاستە قۇربانلىقى بولۇۋاتىدۇ دېسەك، ۋەتەن سىرتىدىكىلەر ئۇنىڭ ۋاستىلىك قۇربانلىقى بولۇۋاتىدۇ، دېيىش مۇمكىن. ئەگەر ئالدىنقىسى بىز ماقالىمىزنىڭ بېشىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتۈپ كەتكەن بىرىنچى خىل قورقۇنچقا ــ ئۆزى بىۋاستە تەجرىبىسىدىن ئۆتكۈزۈۋاتقان ھەم ئاز تولا بىلىدىغان لېكىن ئۆزىنىڭ فىزىكىلىق قابىلىيىتىدىن ھالقىپ كەتكەن ئوبيېكت ئېلىپ كېلىدىغان ئىزتىراپنى كۆزدە تۇتسا، كېيىنكىسى ۋاستىلىك ھەم ئاسارەت خاراكتېرلىك تەشۋىشنىڭ ئوبيېكت ھازىر بولمىغان ئەھۋال ئاستىدىكى ئادەمنى قىيناپ تۇرىدىغان دەككە ـ دۈككىلىك روھىي ھالىتىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، چەتئەلدىكى بىر قىسىم ئۇيغۇرلار ھېلىھەم خىتايدىكى ۋاقتىدا قەلبىدە خىتاي ھاكىمىيىتى ئىچ ئىچىگىچە سىڭدۈرۈۋەتكەن قورقۇنچنىڭ ئاسارىتىنىڭ داۋاملىشىشى ۋە ئۇنىڭ كونتروللۇقى ئاستىدا ياشاۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى گەرچە غەرب ئەللىرىدىكى ئۆزلىرىنىڭ ئەركىنلىكىنى جارى قىلدۇرۇشنى رىغبەتلەندۈرىدىغان، ئۇنى قانۇنىي يوللار بىلەن قوغدايدىغان ۋە ئۇنى تۈرلۈك ۋاستىلەر بىلەن قاندۇرىدىغان دۆلەتلەردە ياشاۋاتقىنىغا قارىماي، يەنىلا قەلبىدە ئىچكىيلەشتۈرۈلگەن قورقۇنچتىن خالىي بولالمايۋاتىدۇ. مەسىلىنىڭ ئەڭ سەزگۈر تەرىپى شۇكى، گەرچە ئۇلارنىڭ ئەركىنلىكىنى جارى قىلدۇرۇشىغا تاشقى جەھەتتىن ھېچقانداق توسقۇنلۇق، بېسىم ۋە پوپوزا يوق بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇلار قەلبىدە يەنىلا ئەركىن ئەمەس ــ چۈنكى ئۇلارنىڭ قەلبى ئۇلارنىڭ قورقۇنچى تەرىپىدىن بېسىۋېلىنغان ۋە تۇنجۇقتۇرۇلغان. ئۇلارنىڭ قەلبى خىتاينىڭ ئۇلارنى بىر

مىنۇتمۇ ئارامدا قويمايدىغان سۇرلۇك ئوبرازى تەرىپىدىن ئىستىلا قىلىنىنغلىق ۋە باشقۇرۇقلۇق. خىتايلار دەل ئەنە ئاشۇ قورقۇچنىڭ ئاسارىتى ئارقىلىق ئۇلارنى نەچچە ئون مىڭ كىلومېتىرنىڭ نېرىسىدىكى بىخەتەر جايىدىمۇ خۇددى ئۇلارنى شەرقىي تۈركىستاندا باشقۇرغاندەكلا باشقۇرۇۋاتىدۇ. دېمەك ئۇلار خىتاي تەرىپىدىن ئۆزىنىڭ قەلبىدە تېخىمۇ ئېچىنىشلىق تەرزدە ئېزىلگۈچىلەردۇر. ئۇلار ئۆزلىرىگە بېرىلگەن ئەركىنلىكنى رەت قىلىپ، قورقۇنچ ئېلىپ كەلگەن ئىچكى ئاسارەتنى بىر خىل بىنورمال پىسخىكىنىڭ يوشۇرۇن رول ئوينىشى ئارقىسىدا قوبۇل قىلغۇچىلاردۇر .

دۇنيادىكى ھېچقانداق بىر زىندان ئىنساننىڭ ئۆز قەلبىدىكى قورقۇنچنىڭ ئاسارىتىگە چۈشۈپ قېلىشتىن ئۆتە قورقۇنچلۇق ئەمەستۇر. ئۇيغۇرلارنىڭ نۆۋەتتىكى كوللېكتىپ ئېڭى خىتاينىڭ ئادەم قېلىپىدىن چىققان قورقۇتۇپ باشقۇرۇش سىياسىتىنىڭ ئېغىر دەرىجىدە زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىماقتا. ئەگەر بىزنىڭ مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش ئىشلىرىمىز چوقۇم ساغلام بولغان كوللېكتىپ پىسخىك ساپاغا موھتاج دېيىلىدىكەن، بۇ چوقۇم ئالدى بىلەن بىزنىڭ قەلبىمىزنى قورقۇنچتىن ئازاد قىلىشتىن باشلىنىشى كېرەك. قەلبىمىزنى قورقۇنچتىن ئازاد قىلماي تۇرۇپ، ئەركىن پىكىر قىلغىلى بولمايدۇ، ئەركىن پىكىر قىلماي تۇرۇپ، خەلقىمىزنىڭ ئازادلىقى ھەققىدە ئىنسانىي مەنىدىكى قارارنى ئالغىلى ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن كۈرەش قىلغىلى بولمايدۇ. شۇڭا، ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەر بىر چىمدىم تۇپرىقىدىن خىتاي باسقۇنچىلىرىنى ئۈزۈل-كېسىل قوغلاپ چىقىرىشنىڭ بىرىنچى قەدىمى چوقۇم ئالدى بىلەن قەلبىمىزدىن بىزنى قورقۇنچقا سېلىپ كەلگەن خىتاينىڭ ئوبرازىنى پاك-پاكىز قوغلاپ چىقىرىشتىن، قەلبىمىزنى ھەرقانداق يات كۈچنىڭ ۋە ئوبرازنىڭ كونتروللۇقىدىن ئازاد قىلىشتىن باشلىنىشى كېرەك. دەل مانا مۇشۇ چاغدا بىز ھەقىقىي ئەركىنلىكنى ئىزدەش، ئۇنىڭ ئۈچۈن كۆرىشىش ۋە ئاخىرىدا ئۇنىڭغا ئېرىشىش قەدىمىنى باسقان بولىمىز. قەلبىنىڭ قورقۇنچتىن خالىي ئەركىنلىكى بىزنىڭ ئىنسانىي ئەركىنلىكىمىزنىڭ كاپالىتىدۇر.

# ئانا تىل نېمە ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم؟

دوكتۇر ئەركىن سىدىق

بۇنىڭدىن بىر قانچە ئاي بۇرۇن، مەن ئامېرىكىغا يازلىق تەتىل جەريانىدا قىسقا مۇددەتلىك ئوقۇشقا كەلگەن بىر ئۇيغۇر قىز ئوقۇغۇچىنى ئۇچراتتىم. تۇنجى قېتىم كۆرۈشكەندە مە ئۇ قىزدىن «ياخشىمۇسىز؟ ئامېرىكىغا قاچان كەلدىڭىز؟» ، دەپ سورىسام، ئۇ قىز بۇ ئىككى سوئالىمغا ئۇيغۇرچە جاۋاب بېرەلمەي، يۈزى ياللىدە قىزارغان ھالدا سوئالىمغا خەنزۇچە جاۋاب بەردى. شۇنىڭ بىلەن مېنىڭ ئۇ قىزدىن باشقا سوئاللارنى سوراشقا كۆڭلۈم زادىلا بارمىدى (ئادەتتە مەن ئۇنداق ئۇيغۇر ياش ئوقۇغۇچىلارنى ئۇچراتقاندا، ئۇلاردىن نۇرغۇن سوئاللارنى سوراپ، ناھايىتى قىزغىن پاراڭلىشىپ كېتەتتىم). مەن باشقىلاردىن سۈرۈشتە قىلسام، بۇ قىز ئۈرۈمچىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن بولۇپ، تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگىچە خەنزۇ مەكتەپتە ئوقۇغان ئىكەن. ھازىر بولسا بېيجىڭدىكى بىر ئالىي مەكتەپتە ئوقۇيدىكەن. بۇ ئىشلارنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، كۆڭلۈم يېرىم بولۇپ، ئىنتايىن چوڭقۇر خىيالغا چۆكۈپ كەتتىم. ھەمدە بۇ ئىشنى نەچچە كۈنگىچە كاللامدىن چىقىرىۋېتەلمىدىم. ھەممىمىزنىڭ خەۋىرىدە بولغىنىدەك، ھازىر جۇڭگو ۋە ئۇيغۇر دىياردا شۇنىڭغا ئوخشاش ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ سانى شىددەت بىلەن كۆپىيىۋاتىدۇ.

بۇنىڭدىن 3-4 ئاي بۇرۇن، مەن ياپونىيىدە تۇغۇلۇپ ئۆسۈپ، يېقىندىن ئامېرىكىغا كەلگەن 9 ياشلاردىكى بىر كىچىك يىگىتنى ئۇچراتتىم. ئۇ مەن

بىلەن پۈتۈنلەي ئۇيغۇرچە پاراڭلاشتى. تىلى خېلە مۇرەككەپ چاقچاقلارنىمۇ قىلىشتۇق. مەن بۇ يىگىتتىن ناھايىتى تەسىرلەندىم، ھەمدە ئۇنى ئىنتايىن ياقتۇرۇپ قالدىم.

ۋەتەندىكى ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى يۇقىرىدىكى قىزغا ئوخشىمايدۇ—ئۇلار ئۇيغۇرچىنى، ھېچ بولمىغاندا ئادەتتە تۇرمۇشتا ئىشلىتىدىغان ئۇيغۇرچىنىڭ ئېغىز تىلىنى بىلىدۇ. چەت ئەلدىمۇ يۇقىرىدىكى شاكىچىك يىگىتكە ئوخشىمايدىغان، ئۇيغۇرچىنى زادىلا بىلمەيدىغان ئۇيغۇر بالىرى ئانچە ئاز ئەمەس. دېمەكچىمەنكى، يۇقىرىدىكى ئىككى مىسالدا تەسۋىرلەنگىنى ھەرگىزمۇ ھازىرقى ئومۇمىي ئەھۋالغا ۋەكىللىك قىلالمايدۇ. لېكىن، بۇ ئىككى مىسال ئانا تىل ئىشىدا كىشىلىك تاللىشى ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل ئاتا-ئانىلارنىڭ ئىشلەپ چىقارغان مەھسۇلاتى—تەربىيىلىگەن پەرزەنتلىرى بىر-بىرى بىلەن نەقەدەر ئوخشىمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

مەن يېقىندا بىرەيلەندىن جۇڭگو دائىرىلىرى يېقىندا «كېيىنكى 20 يىلدەك ۋاقىت ئىچىدە شىنجاڭ مەسىلىسىنى تۈپتىن ھەل قىلىپ بولۇش» پىلانىنى تۈزۈپ چىققانلىقىنى ئاڭلىدىم. ھەمدە ھازىر ئۇيغۇر دىيارىدىكى ئۇيغۇر تىلىدا بېرىلىدىغان تېلېۋىزور پروگراممىلىرىنىڭ تېز سۈرئەتتە ئازايتىلىۋاتقانلىقىنىمۇ ئاڭلىدىم. شۇنىڭ بىلەن مەن بۇ خەۋەرلەرنى يېقىندا كۆرگەن، 2010-يىلى 10-سېنتەبىر كۈنى «تەڭرى-تاغ تورى» دا ئېلان قىلىنغان «ش ئۇ ئا ر نىڭ ئوتتۇرا ۋە ئۇزۇن مۇددەتلىك مائارىپ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتى توغرىسىدىكى پىلانىنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرى (2010—2020)» بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تەھلىل قىلىپ باقتىم. بۇ «مائارىپ پىلانى» دا مۇنداق مەزمۇنلار بار ئىكەن:

- **2012-يىلغىچە ئىككى يىللىق قوش تىللىق تەييارلىق سىنىپلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ بولۇش**
- **2015-يىلغىچە قوش تىللىق مائارىپنى ئاساسىي جەھەتتىن ئومۇملاشتۇرۇپ بولۇش**
- **2020-يىلغىچە ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ دۆلەت تىلى ۋە يېزىقىنى پۇختا ئىگىلەپ بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش**

يىگىرمە يىلدىن كېيىن نېمە بولىدۇ؟ بۈگۈن تۇغۇلغان بالىلار 20 ياشقا كىرىدۇ. ھازىر 20 ياشلىق ياشلار 40 ياشقا كىرىدۇ. ھازىر 40 ياشلىق كىشىلەر بولسا 60 ياشقا كىرىپ، ئاساسەن پېنسىيىگە چىقىپ بولىدۇ. يېقىنقى 60 يىلنىڭ مابەينىدە جۇڭگودا بار بولغان ئەسلىدىكى 56 يەرلىك مىللەتلەرنىڭ بىر قىسمى ئۇچرىغان تەقدىردىن، بىر مىللەتنىڭ تىلىنى ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە مەكتەپ ۋە جەمئىيەت تىلى سۈپىتىدە ئىشلەتمەيدىغان بىر ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويۇش پۈتۈنلەي مۇمكىن ئىكەنلىكىنى ھەممىمىز بىلىمىز. يەنى، بىر يەرلىك مىللەتنىڭ تىلىنى دۆلەتنىڭ ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش سىياسىتى ئارقىلىق 20-30 يىل ۋاقىت ئىچىدە يوق قىلىۋېتىش پۈتۈنلەي مۇمكىن. ئۇنداقتا يۇقىرىقى ئىككى «پىلان» لار ئۇيغۇرلار ئۈچۈن نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟ ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا تىلىمۇ ئاشۇنداق تەقدىرگە ئۇچرىسا، ئۇيغۇرلار تارتىدىغان زىيان قانداق زىيانلاردىن ئىبارەت بولىدۇ؟ ئانا تىل نېمە ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم؟ مەن ئىختىيارسىز ھالدا ئۆز-ئۆزەمدىن مۇشۇنداق سوئاللارنى سوراشقا باشلىدىم.

ئانا تىلنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقى مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئۇيغۇر خەلقىگە، جۈملىدىن كۆپىنچە ئوقۇرمەنلەرگە ناھايىتى ئايان. كۆپىنچە كىشىلەر بۇ خۇلاسىگە ئۆزلىرىنىڭ بىۋاسىتە تۇيغۇسى ۋە بىۋاسىتە كۆزىتىشى ئارقىلىق ئېرىشكەن بولۇپ، ئەسلىدە مېنىڭ بۇ يەردە مەزكۇر تېمىدا بىر نەرسە يېزىپ ئولتۇرۇشۇم ھاجەتسىز ئىدى. لېكىن مەن يەنىلا بۇ ماقالىنى يېزىشنى قارار قىلدىم. مېنىڭ بۇنداق قىلىشتىكى مەقسىتىم، ئانا تىلنىڭ مۇھىملىقى ھەققىدە خەلقئارالىق تەتقىقاتچىلار، زىيالىلار، ئالىملار ۋە مۇتەخەسسىسلەر ئۇزۇن مۇددەت ئىزدىنىش ئارقىلىق يەكۈنلەپ چىقارغان ئىلمىي نۇقتىئىنەزەرنى خۇلاسىلاپ چىقىش. شۇ ئارقىلىق، ئانا تىلنى يوقىتىپ قويۇش جەھەتتىكى ئەڭ ناچار ئەھۋالدا، ئۇيغۇرلار زادى نېمىنى قولدىن بېرىپ قويىدىغانلىقىنى بىر قېتىم مۆلچەرلەپ بېقىش. مەن بۇ ئىشلارنى ئىلمىي ئاساستا توغرا ۋە مۇكەممەل چۈشىنىدىغانلار قانچە كۆپ بولسا، كىشىلىك تاللاشتا ئۇيغۇرلار تارتىدىغان زىيانلارنى ئازايتىش يولىنى تاللايدىغانلار شۇنچە كۆپىيىدۇ، دەپ ئويلايمەن.

## 1. پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئاپتورلىرى توغرىسىدا

مەن مەزكۇر ماقالىنى تەييارلاشتا، ئاساسلىقى تۆۋەندىكى ئىككى پارچە ماتېرىياللاردىن پايدىلاندىم. بىرسى كاڭاس(Kangas) خانىم بىلەن ئەنگلىيە ئابېردىن («Aberdeen») ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى، دۇنيادا تونۇلغان قانۇن ۋە ئاز سانلىق مىللەت تىلى مۇتەخەسسىسى، دوكتور روبېرت دۇنبار(Robért Dunbar) بىرلىكتە يېزىپ، بۇ يىل (2010-يىلى) بېسىپ تارقاتقان «يەرلىك مىللەت بالىلىرى مائارىپىنى تىل جەھەتتىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق ۋە ئىنسانىيەت ئۈستىدىن يۈرگۈزگەن جىنايەت، دەپ قاراشقا بولامدۇ ــ بىر دۇنياۋى نۇقتىئىنەزەر» ، دېگەن كىتاپ. يەنە بىرسى بولسا، دوكتۇر جىم كۇمىنىز («Jim Cummins») نىڭ «قوش تىللىق بالىلارنىڭ ئانا تىلى: ئۇ نېمە ئۈچۈن مائارىپ ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم؟» دېگەن ئىلمىي ماقالىسى. بۇ يەردىكى 1-ماتېرىيال توغرىسىدا مەن ئۆزەمنىڭ «خەلقئارالىق مۇتەخەسسىسلەرنىڭ قوش تىللىق مائارىپىغا بەرگەن تەۋسىيەنامىسى» دېگەن ماقالىسىدا بىر ئاز چۈشەنچە بېرىپ بولغان. ئىككىنچى ماتېرىيالنىڭ ئاپتورى جىم كۇمىنىز ھازىر كانادا تورونتو ئۇنىۋەرسىتېتىنىڭ پروفەسسورى بولۇپ، ئۇ 70-يىللاردىن باشلاپ تىلدا ساۋاتلىق بولۇشنىڭ ماھىيىتى، ۋە كۆپ خىلدىكى مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشىگە ئىگە ئوقۇغۇچىلارنىڭ 2-تىلنى ئۆگىنىشى قاتالىق ساھەلەردىكى ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىپ، كۆپلىگەن ئىلمىي ماقالىلەرنى ۋە «تىل، ھوقۇق ۋە پېداگوگىكا» قاتارلىق بىر قانچە پارچە كىتابلارنى يازغان. ئۇنىڭ 1986-يىلى يازغان «ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنى كۈچلەندۈرۈش: ئارىغا كىرىش تۈزۈلمىسى» دېگەن ماقالىسى «ھاۋارد مائارىپ تەتقىقاتى» دېگەن جورنالدا ئېلان قىلىنىپ، ئاشۇ جورنال تەرىپىدىن 1931-يىلىدىن 2000-يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا مائارىپقا ئەڭ كۆزگە كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان 12 پارچە ئىلمىي ماقالىنىڭ بىرسى بولۇپ باھالانغان. گەرچە بۇ 2 پارچە ماتېرىيال پەقەت 3 ئاپتور تەرىپىدىن تەييارلانغان بولسىمۇ، ئۇ يۈزلىگەن ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ كۆپ يىللىق ئىلمىي

تەتقىقاتى ئاساسىدا يېزىپ چىقىلغان. مەسىلەن، كاگاس خانىمنىڭ مەزكۇر كىتابىنىڭ ئاخىرىدىكى «پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى تىزىملىكى» نىڭ ئۆزىلا ئاشۇ چوڭ ۋاراقلىق كىتابنىڭ 18 بېتىنى ئىگىلىگەن.

## 2. ئانا تىل نېمە ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم؟

مەن يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇپ ئۆتكەن ئىككى پارچە پايدىلىنىش ماتېرىياللىرىدا كۆرسىتىلىشىچە، بىر يەرلىك مىللەت ئانا تىلى تۆۋەندىكىدەك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئىنتايىن مۇھىم:

### 1) ئانا تىل مىللىي كىملىكنىڭ مۇھىم بىر تەركىۋى قىسمى

مېنىڭ دۆلەت، مىللەت ۋە ئېتنىك گۇرۇپپىلار توغرىسىدىكى بىر قىسىم ئىنگلىزچە كىتابلارنى ئوقۇپ چۈشىنىشىمچە، مىللەتپەرۋەرلىك مىللىي ئىدېئولوگىيە بىلەن مىللىي كىملىكنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مىللىي كىملىك بولسا سىمۋوللىزم (يەنى بىر مىللەتنى باشقا بىر مىللەتتىن ئايرىپ تۇرىدىغان ئالامەتلەر)، تىل ۋە مىللىي ھېسسىيات (بۇ مىللىي ئاڭ ۋە مىللىي ئارزۇلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) تىن ئىبارەت 3 نەرسىدىن تەركىپ تاپىدىغان بولۇپ، تىل مانا ئاشۇ 3 نەرسىلەرنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىم بىرىدۇر. مەن مىللىي كىملىك ھەققىدە بۇنىڭدىن كېيىن يازىدىغان بىر ماقالەمدە مەخسۇس توختىلىشىم مۇمكىن.

### 2) ئانا تىل مىللىي كىملىكنىڭ مۇھىم بىر بەلگىسى

ھەممەيلەننىڭ خەۋىرىدە بولغىنىدەك، ھەر قانداق بىر تىلنىڭ 1-رولى كىشىلەر ئارىسىدىكى ئالاقىلىشىش قورالى بولۇشتىن ئىبارەت. لېكىن، بىر يەرلىك مىللەت ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئانا تىلىنىڭ ئۇنىڭدىن باشقا ئىنتايىن مۇھىم روللىرىمۇ بار. ئۇ روللارنىڭ بىرسى، ئاشۇ مىللەتنىڭ مىللىي كىملىكىنىڭ بەلگىسى بولۇشتىن ئىبارەت. بىر مىللەتنىڭ ئانا تىلىغا ئاشۇ مىللەتنىڭ تارىخىي بىلىملىرى كودلاشتۇرۇلغان ياكى قاچىلانغان بولىدۇ. بۇ

بىلىملەر مەزكۇر مىللەتنىڭ كىم ئىكەنلىكى، ئۇلارنىڭ نەدىن كەلگەنلىكى، ئۇلارنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىش ھېكايىلىرى، ئۇلارنىڭ مەقسىتى، ھەمدە ئۇلارنىڭ بارلىق ئېغىزاكى ۋە يېزىق ئاساسىدىكى سەنئەت، ھۈنەر، ماھارەت ۋە باشقا بىلىملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئانا تىلنىڭ بۇ رولى مىللىي كىملىكنىڭ «سىمۋولىزم» دېگەن تەركىۋى قىسمىغىمۇ ئازراق توغرا كېلىپ قالىدۇ.

يالغۇز يەرلىك مىللەتنىڭ ئانا تىلىلا ئەمەس، ئۇنىڭ يېزىقىمۇ مىللىي كىملىكنىڭ بىر مۇھىم بەلگىسى. جۇڭگودىكى خەنزۇ مىللىتىدىن بولغان بىر يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدار ئۆزىنىڭ يېقىندا جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك دائىرىلىگە يوللىغان بىر تەكلىپنامىسىدە مۇنداق دەپ يازغان: «تېخىمۇ ئەخمەقلىق شۇ بولدىكى، 1982 - يىلى 9 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ئاپتونوم رايون قانۇن چىقىرىش شەكلى بىلەن ئۇيغۇرچە، قازاقچە كونا يېزىقنى قوللىنىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى جاكارلىدى. كونا يېزىق بىلەن خەنزۇچە پىنيىن بىر قاتارغا قويۇلۇپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھۆكۈمەت يېزىقى قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن ماۋزېدوڭ دەۋرىدە باشلانغان يېزىق ئىسلاھاتى ــ شىنجاڭلىقلارنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىشنىڭ ئەڭ مۇھىم ھالقىسى نابۇت قىلىندى! ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىقىنى ئىسلاھ قىلىش 1961 - يىلى باشلانغان. بىر مەزگىل سىناپ يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، مەركەز ۋە ئاپتونوم رايون ئۇيغۇرچە كونا يېزىقنى بىكار قىلىش، ئاپتونوم رايون ئىچىدە خەنزۇچە پىنيىن بويىچە ئىشلەنگەن يېڭى يېزىقنى قوللىنىش، باشلانغۇچ مەكتەپتىن تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكىچە بولغان دەرسلىكلەرنى پۈتۈنلەي يېڭى يېزىق بىلەن چىقىرىش مەجبۇريي بەلگىلەندى. مۇشۇنداق مەجبۇريي يولغا قويۇلغان يېزىق ئىسلاھاتى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتى ۋە دىنىي ئەنئەنىسى ۋارىسلىق قىلىدىغان ئادەم بولمايدىغان ۋەزىيەتكە دۇچ كەلدى. ھۆكۈمەت مەكتەپلىرىدە ئوقۇغانلار ئۇيغۇرچە كونا يېزىقنى تونۇمايدىغان، كونا يېزىقتىكى تارىخي ئەسەرلەرنى ئوقۇيالمايدىغان، كونا يېزىق بىلىدىغان چوڭلار يېڭى يېزىقنى بىلمەيدىغان بولۇپ، مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئۈزۈك ھالەت كۆنسېرى ئېغىرلىشىپ، خەنزۇلىشىش بارغانسېرى ئومۇملاشتى. ئۇيغۇرلارنىڭ كونا

يېزىقى شۇ مىللەتنىڭ مەدەنىيەت ۋە دىنىي ئەنئەنىسىنى خاتىرىلەيدىغان ئەڭ مۇھىم ۋاستە، شۇڭلاشقا ئۇيغۇرلار بىلەن ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلمايدىغان ئاز سانلىق مىللەتلەرنى پەرقلەندۈرىدىغان ئالامەتلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئاشۇ سىياسەت داۋاملاشتۇرۇلغان بولسا، بۈگۈنكى كۈندە شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش كۆپ ئاسان بولغان بولاتتى. شۇ چاغدىكى خەنزۇ بېكىنمىچىلىك ئىچىدە تەرەققىي قىلىۋاتاتتى. خەلقئارادىكى بېسىم نەزەرگە ئېلىنمىسىمۇ بولاتتى.»

### 3) ئانا تىل بىر ئايرىم دۆلەت بولۇشتىكى شەرتلەرنىڭ بىرسى

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان كاگاس خانىمنىڭ كىتابىدا دېيىلىشىچە، بىر مىللەتنىڭ ئۆز ئالدىغا بىر ئايرىم دۆلەت قۇرۇشتىكى شەرتلەرنىڭ بىرى، ئۇلارنىڭ ئۆز ئالدىغا ئايرىم بىر تىلى بولىشىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئەگەر بىر مىللەتنىڭ ئۆز ئالدىغا ئايرىم ئانا تىلى بولمايدىكەن، ئۇلار بىر «خەلق» ئەمەس، پەقەت بىر گۇرۇپپا ياكى بىر ئاھالە، دەپ قارىلىپ، ئۇلارنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقى ئىنكار قىلىنىش ئېھتىماللىقى بار ئىكەن.

### 4) باللارنى ئانا تىلدا ساۋاتلىق قىلىپ يېتىلدۈرۈش، ئۇلارنىڭ تىل ۋە مەكتەپ ئوقۇشىدىكى نورمال تەرەققاياتى ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدۇ

ئۆز يۇرتىدا تۇغۇلۇپ ئۇسۇۋاتقان بىر يەرلىك مىللەت بالىلىرى ئۈچۈن، باللارنىڭ ئانا تىل سەۋىيىسى ئۇلارنىڭ كېيىن ئۆگىنىدىغان ئىككىنچى تىلدىكى سەۋىيىسىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بەلگىلەيدۇ. مەكتەپتە باللارنىڭ ئانا تىل ئىشلىتىشىنى كۈچەيتىش يالغۇز ئۇلارنىڭ ئانا تىلىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقىلا پايدىلىق بولۇپ قالماستىن، باللارنىڭ مەكتەپ تىلىدىكى ھەر خىل ئىقتىدارىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقىمۇ پايدىلىق. ئەگەر باللار باشلانغۇچتا ئانا تىلنى ئالدىدا ئۆگىنىپ، ئۇنىڭدىن تولۇق ساۋاتىنى چىقارماي تۇرۇپلا يەنە بىر يات تىل ئۆگىنىدىكەن، بۇ باللار كەلگۈسىدە ئانا تىلدىمۇ ۋە ئۇلار ئۆگەنگەن ئىككىنچى تىلدىمۇ يېرىم ساۋاتلىق بولۇپ قالىدۇ. بۇ ئەھۋال خەلقئارادا «يېرىم ساۋاتلىق قوش تىللىق» (ئىنگلىزچىدا «semibilingualism») دەپ ئاتىلىدۇ. مەكتەپتىكى دەرسلەرنى باللارنىڭ

ئانا تىلدا ئۆتۈش ئۇلارنىڭ مەكتەپ تىلىدىكى ئاكادېمىك تەرەققىياتىغا ھەرگىزمۇ يامان تەسىر كۆرسەتمەيدۇ. قوش تىللىق بولۇش بولسا بالىلارنىڭ تىل ۋە ئوقۇش جەھەتتىكى تەرەققىياتىدا ئىجابىي رول ئوينايدۇ. ئانا تىل ۋە ئىككىنچى تىلدىكى تىل سەۋىيىسى تۆۋەن بالىلارنىڭ بىلىم ۋە ئەقىل جەھەتتىكى تەرەققىياتىمۇ ناھايىتى ئاستا بولىدۇ.

**5) مەكتەپتە بالىلارنىڭ ئانا تىلىنى تاشلىۋېتىش بالىلارنى تاشلىۋەتكەنلىك بىلەن باراۋەر**

ئەگەر مەكتەپ ئاشكارا ياكى يوشۇرۇن ھالدا بالىلارغا «ئۆز تىلىڭ بىلەن ئۆز مەدەنىيىتىڭنى مەكتەپ ئىچىگە ئەكىرمە» دېگەندەك سىگنالدىن بىرنى بېرىدىكەن، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كىملىكىنىڭ مەركىزىي قىسمىنىمۇ مەكتەپ ئىچىگە ئەكىرمەيدۇ. ئۇلاردا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش تاشلىۋېتىلىش ھېسسىياتى پەيدا بولسا، ئۇلارنىڭ دەرس ئاڭلاشتىكى ئاكتىپلىقى بىلەن ئىشەنچىسىمۇ زور دەرىجىدە ئاجىزلىشىدۇ. ئەگەر بالىلار ئۆزلىرى بىلىم ئېلىۋاتقان جەمئىيەتكە تەۋەدەك ھېس قىلمايدىكەن، ئۇلارنىڭ ئوقۇغان بىلىملەرنى ئۆزلەشتۈرۈۋېلىشى مۇمكىن ئەمەس.

تور بەت ئادرېسى مەزكۇر ماقالىنىڭ ئاخىرىدا بېرىلگەن كاگاس خانىم قاتارلىق 4 مۇتەخەسسىسلەرنىڭ «مۇتەخەسسىس ئىلمىي ماقالىسى» دا مۇنداق دېيىلگەن: «ئىككىنچىدىن، مەكتەپلەردىكى ئوقۇ-ئوقۇتۇشتا پەقەت ھۆكۈمران ئورۇندىكى تىلنىلا ئىشلىتىشتىن كېلىپ چىقىدىغان يامان ئاقىۋەت ئىنتايىن ئېغىر بولىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا بالىلارنىڭ ئۆز ئانا تىلىنى ئىشلىتىشى ئوچۇق ياكى يوشۇرۇن ھالدا چەكلەنگەن بولىدۇ. بالىلارنىڭ ئانا تىلنى ئۆگىنىشكە يول قويماسلىق، ياكى ئۇلارنى ئانا تىلنى پىششىق بىلىدىغان چوڭلاردىن ئايرىۋېتىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئانا تىلىنى ئىشلىتىشىگە توسالغۇلۇق قىلىش، يەرلىك مىللەتنىڭ ئۆز تىلىنى كۆندىلىك تۇرمۇشتا ۋە مەكتەپتە ئىشلىتىشىگە يول قويماسلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق ئايرىۋېتىش ھەممە ياكى كۆپ ساندىكى ئوقۇتقۇچىلار يەرلىك مىللەت تىلىنى بىلمەيدىغان ھۆكۈمران مىللەت كىشىلىرىدىن تەركىپ تاپقان ئەھۋالدىمۇ يۈز

بېرىدۇ. بۇ خىل ئەھۋالنىڭ بىر روشەن مىسالى باللارنى ئۆيىدىن ئايرىپ، مەكتەپتە يېتىپ-قوپۇپ ئوقۇيدىغان مەكتەپكە ئوقۇتۇشتۇر. بۇنداق سىياسەتلەر ھازىرغا قەدەر باللارغا يالغۇز ئېغىر دەرىجىدىكى جىسمانىي زەخملەرنى كەلتۈرۈپلا قالماي، يەنە ئېغىر دەرىجىدىكى روھىي زىيانلارنىمۇ سالدى. بۇ زەخملەر مۇنداق بىر قانچە تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: ئىجتىمائىي قالايمىقانچىلىق، پسىخولوگىيە جەھەتتىكى زەخمە، چۈشىنىش، ئەستە قالدۇرۇش، ھۆكۈم قىلىش، خۇلاسە چىقىرىش، ۋە ئاساسلاش ئىقتىدارىدىكى زەخمە، تىل ۋە ئوقۇشتىكى زەخملەر. مۇشۇنداق زىيان-زەخملەرنىڭ نەتىجىسىدە ئۇلار ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي ساھەلەردىمۇ تۆۋەن ئورۇنغا چۈشۈپ قالدى.»

**6) ئانا تىلنى ساقلاپ قېلىش دۇنيانىڭ تىل ۋە بىئولوگىيە جەھەتتىكى كۆپ خىللىقىنى ساقلاپ قېلىشنىڭ بىردىن-بىر شەرتى**

ھازىر دۇنيادا ئېغىزدا سۆزلىنىدىغان تىللاردىن تەخمىنەن 7000 خىل تىل بار بولۇپ، نۇرغۇن مۇتەخەسسىسلەرنىڭ مۆلچەرلىشىچە، ئۇلارنىڭ 50 پىرسەنتى ھازىرقى بىر ئەۋلادنىڭ ۋاقىت مۇددىتى ئىچىدە يوقۇلۇپ كېتىپ، ئۇلارنىڭ 90 پىرسەنتى كېيىنكى 100 يىل ئىچىدە يوقىتىۋېتىلىشى مۇمكىن ئىكەن. شۇڭلاشقا بۇ خىل ئەھۋالنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ھەر بىر مىللەت ئۆزىنىڭ ئانا تىلىنى ساقلاپ قېلىشى زۆرۈردۇر.

## 3. «ئانا تىل مۇھىم ئەمەس» دېگۈچىلەرنىڭ كۆز-قاراشلىرى

دۇنيادىكى بىر قىسىم كىشىلەر ئۆتكەن ئەسىر بىلەن مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئىچىدە، بولۇپمۇ 2-دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، «ئېتنىكىلىق پۇتۇنلەي ئۆلدى»، دەپ جاكارلىدى (ئەمەلىيەت بولسا پۈتۈنلەي بۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، مەن ئۆزەمنىڭ كېيىن يازىدىغان بىر ماقالىسىدا بۇ مەسىلە ئۈستىدە ئايرىم توختىلىمەن). شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى تىلنىڭ شەكىللىرى بىلەن فۇنكسىيىلىرىنىڭ مۇناسىۋىتى ئۈستىدە توختىلىپ، تىل

جەھەتتىكى كىشىلىك ھوقۇقنىڭ مەقسىتى، ياكى ئالاھىدە تىللار بىر ئۆلچىگىلى بولىدىغان مەۋجۇدىيەت سۈپىتىدە مەۋجۇت ئەمەس، دېگەن كۆز-قاراشنى ئوتتۇرىغا قويىدى. ئۇلار كۆرسەتكەن ئاساسلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىملىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

(1) ھەممە تىللار ھەممە ۋاقىتتا ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. شۇڭلاشقا مەلۇم بىر تىلنىڭ باشقا تىللار بىلەن بولغان چەك-چېگرىسى توغرىسىدا سۆز ئاچقاندا، بىر ئادەمنىڭ كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغىنى پەقەت ئاشۇ تىلنىڭ ئاشۇ زامان ۋە ئاشۇ ماكاندىكى ھالىتىدىنلا ئىبارەت بولىدۇ.

(2) بىر قىسىم مودېرنىزمچى، بولۇپمۇ سىياسەتچى ئىلىم ئەھلىلىرى تىلنى شەخسلەرنىڭ ياكى بىر كوللېكتىپنىڭ كىملىكىنى تۇرغۇزۇشتىكى مۇھىم ياكى زۆرۈر ئامىل، دەپ ھېسابلىمايدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ كۆپ-تىللىق بولۇشى، تىل بىلەن كىملىكنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھېچ قانداق مۇناسىۋەتنىڭ يوقلۇقىنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، ئەگەر ئۇلار ئوتتۇرىسىدا كۈچلۈك باغلىنىش بولغان بولسا، تىل جەھەتتىكى كۆچۈش ئىنتايىن ئاز بولغان ياكى زادىلا بولمىغان بولاتتى.

لېكىن، يۇقىرىدىكى كۆز-قاراشلار زادىلا توغرا ئەمەس. پۈتۈن دۇنيادىكى مىڭلىغان، ئون-مىڭلىغان «ئېتنىك» تەشكىلاتلارنىڭ ئىسپاتلىغىنىدەك، مىللىي كىملىك، بولۇپمۇ تىلنى ئاساس قىلغان مىللىي كىملىك ئىنتايىن كۈچلۈك ئەسلىگە قايتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولىدۇ. بىر تىل ئاشۇ تىلدا سۆزلىشىدىغان كىشىلەر توپىنى ئۆز-ئارا باغلاش ئارقىلىق، ئاشۇ كىشىلەر توپىنىڭ مىللىي كىملىكىنى نامايان قىلىپ، شۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ قايسى كىشىلەر توپىغا تەۋە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئېتنىك ياكى مىللىي يىلتىزى ئاشۇ تىلغا ماس كېلىدىغان كىشىلەر ئۈچۈن، ئاشۇ تىلنى پۇختا بىلىش ئۇلارنىڭ بۇرۇنقى ئەۋلادلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى مۇستەھكەملەپ، ئۇلارنىڭ يېقىندىن يۈز بەرگەن سەرگۈزەشتىلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ ئېتنىك ياكى مىللىي ئادەم توپىنىڭ جۇغلانما تارىخى بىلەن

تۇتاشتۇرىدۇ. قىسقىسى، بىر تىل يالغۇز ئاشۇ تىل بىلەن سۆزلىشىدىغان كىشىلەر ئۈچۈن ئۆز-ئارا ئالاقىلىشىش قورالى بولۇش فۇنكسىيىسىنى ئۆتەپلا قالماستىن، ئۇ يەنە ئاشۇ كىشىلەر توپىنىڭ مەدەنىي كىملىكىنى، شۇنداقلا ئاشۇ كىشىلەر توپىدىن بولغان بۇرۇنقى بارلىق كىشىلەر تەرىپىدىن تەرەققىي قىلدۇرۇلغان مەدەنىي مىراسلارنىمۇ نامايان قىلىدۇ.

يەرلىك مىللەتلەردە «ئەنئەنىۋىي بىلىملەر» دېگەن بىر ئۇقۇم بار بولۇپ، بۇ بىلىملەر ھەرگىزمۇ مەڭگۈ ئۆزگەرمەس ئەمەس. بۇ بىلىملەرنىڭ «ئەنئەنىۋىي» بولۇپ قېلىشى، ھەرگىزمۇ ئۇلارنىڭ قەدىمىيلىكىدىن بولماستىن، بەلكى يەرلىك مىللەتلەرنىڭ ئۇ بىلىملەرنى قانداق قولغا كەلتۈرگەنلىكى ۋە ئۇنىڭدىن قانداق پايدىلىنىدىغانلىقىدا. يەنى، بىلىم ئىگىلەش ۋە بىلىمنى ئورتاقلىشىشنىڭ ئىجتىمائىي جەريانى ھەر بىر يەرلىك مەدەنىيەت ئۈچۈن ئالاھىدە تۈس ئالغان بولۇپ، مانا شۇنداق ئالاھىدىلىكى ئۇ بىلىملەرنىڭ «ئەنئەنىۋىي» بىلىملەر بولۇشىنى بەلگىلەيدۇ. بۇ بىلىملەرنىڭ خېلە كۆپ قىسمى ناھايىتى يېڭى بولسىمۇ، ئۇلار ئالاھىدە ئىجتىمائىي مەنىگە ۋە قانۇنىي خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ، ئۇلار يەرلىك مىللەت خەلقلىرىنىڭ كۆچمەن بولۇپ كەلگەن خەلقلەردىن ۋە سانائەتلەشكەن جەمئىيەتتىن ئىگىلەيدىغان بىلىملەرگە زادىلا ئوخشىمايدۇ.

يەنى، ئۆزگىرىشنى يالغۇز بىلىم ياكى تىل ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى بارلىق «ھايات» نەرسىلەر ئۈچۈن بىر بۇرۇندىن تارتىپ مەۋجۇت بولغان ۋە زۆرۈر بولغان خۇسۇسىيەت، دەپ قاراشقا بولىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بىلىم ۋە تىلمۇ «ھايات» نەرسىلەر بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆزلۈكسىز ئۆزگىرىپ تۇرىشى (مەسىلەن، باشقا تىللاردىن يېڭى تېخنىكىغا ئائىت سۆزلۈكلەرنى قوبۇل قىلىش ئارقىلىق) ھەرگىزمۇ بىر تىلنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بوشراق رېئاللاشتۇرۇپ قويمايدۇ. شۇڭلاشقا يەرلىك مىللەت خەلقلىرىنىڭ تىل ۋە ئانا تىل توغرىسىدىكى چۈشەنچىسى يۇقىرىدا بايان قىلىنغان 2-ئاساس بىلەن پۈتۈنلەي قارىمۇ-قارشى.

## 4. ئانا تىل كىم ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم؟

مەن مەزكۇر ماقالىنىڭ 1-بۆلۈمىدە چۈشەندۈرۈپ ئۆتكىنىمدەك، ئانا تىل ھەقىقەتەنمۇ ئىنتايىن مۇھىم. لېكىن، خۇددى 2-بۆلۈمدە بايان قىلغىنىمدەك، ئانا تىل ھەممە كىشىلەر ئۈچۈن مۇھىم ئەمەس. ئۇنداقتا ئۇ كىم ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم؟ ئانا تىل ئالدى بىلەن ئاشۇ تىلنى ئىشلىتىدىغان يەرلىك مىللەت خەلقى ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم. ئۇنىڭدىن قالسا، ئىنسانپەرۋەرلىك بىلەن ئادالەتپەرۋەرلىكنى ئۆزلىرى ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم ئۆلچەم قىلغان، بارلىق ئىنسانلارنى ياراتقۇچى بەرگەن ھوقۇق ۋە ئەركىنلىككە ئېرىشتۈرۈشنى ئىستەيدىغان ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم. ئەڭ ئاخىرىدا، يەر شارىنىڭ تىل ۋە بىئولوگىيە جەھەتتىكى كۆپ خىللىقىنى ساقلاپ قېلىشنى ئىستەيدىغان بارلىق ھۆكۈمەت ۋە خەلقلەر ئۈچۈن مۇھىم. لېكىن، ئانا تىل يەرلىك مىللەتلەرنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىپ يوقىتىۋېتىش ياكى باشقا بىر مىللەتكە ئۆزگەرتىۋېتىش يولىدا ئىش ئېلىپ بېرىۋاتقان ھاكىمىيەتلەر ۋە كىشىلەر ئۈچۈن ئازراقمۇ مۇھىم ئەمەس. ئەگەر ھازىرقى دۇنيانى ئوبدان كۆزىتىپ باقىدىغان بولساق شۇنى چۈشىنىپ يېتىمىزكى، خۇددى باشقا مۇھىم ئىشلاردىكى ئەھۋالغا ئوخشاشلا، يەرلىك مىللەت خەلقلىرى ئانا تىلىنىڭ مۇھىملىقى ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان مۇھاكىمىلەرگە قاتناشتۇرۇلمايدۇ.

يەرلىك مىللەت خەلقلىرىنىڭ سۆزلىرى تەمسىل قىلىنىغان ئەھۋالدىمۇ، ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە ھۆرمەت قىلىش نۇقتىسىدا تۇرۇپ ئەمەس، مەسخىرە قىلىش تەرىقىسىدە شۇنداق قىلىنىۋاتىدۇ. يەرلىك مىللەتلەر ئۆزلىرىنىڭ بىر ئىسمى بار ئانا تىلىنىڭ بار-يوقلىقى ھەققىدە ئۆزلىرى قارار بېرىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمەي، بۇنداق قارارلار يات مىللەتتىن كېلىپ چىققان تەتقىقاتچىلار، بيۇروكراتلار ياكى سىياسەتچىلەر تەرىپىدىن ئېلىنىۋاتىدۇ. كۆپىنچە ۋاقىتتا، بۇنداق مۇھاكىمە ۋە قارارلار يەرلىك مىللەتنىڭ ئانا تىلىنى يەنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭغا ئارىلىشىۋېلىش ياكى ئۇنى ئاكتىپلىق بىلەن يوقۇتۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىۋاتىدۇ.

مېنىڭ بىلىشىمچە، ئۇيغۇر تىلىنىڭ بۈنىڭدىن كېيىنكى ئىستىقبالى ئۇستىدىكى قارارلارمۇ ھەرگىز ئۇيغۇر دىيارىدىكى ئۇيغۇر خەلقى ۋە ئۇيغۇر بىلىم ئەھلىلىرى تەرىپىدىن چىقىرىلغان بولماستىن، بىر قىسىم تىلشۇناسلىق ئىلمىدىن ئاساسەن خەۋىرى يوق سىياسەتچىلەر ياكى ئەمەلدارلار تەرىپىدىن چىقىرىلغان.

ئىنگلىزچىدە «linguicism» دېگەن بىر سۆز بار بولۇپ (بۇ سۆز «يۇلغۇن ئۇيغۇرچە-ئىنگلىزچە لۇغىتى» دە يوق بولۇپ، تۆۋەندە مەن ئۇنى ئۇيغۇرچە «لىڭگۇىسىزم» دەپ ئالىمەن)، ئۇنىڭ بىر ئىنگلىزچە لۇغەتتىكى مەنىسى مۇنداق ئىكەن: لىڭگۇىسىزم ئادەمنىڭ ئىرقى، يېشى ۋە جىنسى جەھەتتىكى بىر تەرەپلىمە كۆز-قاراشىنىڭ بىر شەكلى بولۇپ، كەڭرى دائىرىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇ 1-مىللەت كىشىلىرىنىڭ 2-مىللەتنىڭ ئانا تىلىغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، 2-مىللەتنىڭ ئېرىشكەن بايلىقى، مائارىپ سەۋىيىسى، ئىجتىمائىي ئورنى، ۋە خاراكتېرلىرى ھەققىدە ھۆكۈم چىقىرىش جەريانىنى كۆرسىتىدۇ. كاۋاس خانىمنىڭ كىتابىدا دېيىلىشىچە، تۇرمىگە تاشلاش، قىيىن-قىستاق قىلىش قاتارلىق رەھىمسىز، ئاشكارە ۋە ھەممىگە كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان ۋاستىلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا، لىڭگۇىسىزم ئارقىلىق بىر تىلنىڭ ئىشلىتىشىنى توسۇش جەريانى ناھايىتى مۇرەككەپ ئىشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بىرىنچىدىن، لىڭگۇىسىزم يەرلىك مىللەت ۋە ئاز سانلىق مىللەت خەلقلىرىنىڭ ئۆز ئانا تىلىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا يول قويمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆز ئانا تىلىغا ئۆز مەۋجۇتلۇقىنىڭ، ئۆز نوپۇسىنى كۆپەيتىپ تۇرۇشىنىڭ، ۋە ئۆزلىرىنى بىر ئۆز-تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەشنى ئىستەيدىغان خەلق سۈپىتىدە تۇتۇپ تۇرۇشىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئاساسى تەرىقىسىدە مۇئامىلە قىلىشىغا يول قويمايدۇ. لىڭگۇىسىزم بۇنداق مەقسەتكە قۇرۇلما ئارقىلىق، شۇنداقلا يەرلىك خەلقنىڭ ئېڭىنى مۇستەملىكە قىلىپ، ھۆكۈمران ئورۇندىكى تىلدىن ئىبارەت بىرلا تىلنى ئىشلىتىش ئىدېئولوگىيىسىگە ئىشەندۈرۈش ئارقىلىق يېتىدۇ.

ئىلاۋە: كاۋاس خانىمنىڭ مەزكۇر كىتابىدا «فىزىكىلىق مۇستەملىكە»

بىلەن «كۆڭۈل مۇستەملىكىسى» دىن ئىبارەت ئىككى خىل مۇستەملىكە ئۇقۇمى ئىشلىتىلگەن بولۇپ، مېنىڭچە بۇ يەردىكى «كۆڭۈل مۇستەملىكىسى» نى بېسىۋېلىنغانلارنىڭ كۆڭلىگە بېسىۋالغۇچىلارنىڭ ئىدىيىسىنى قاچىلاپ، شۇ ئارقىلىق بېسىۋېلىنغانلارنىڭ كۆڭلىنى يېڭىدىن پروگراممىلاش جەريانى، دەپ چۈشەنسە بولىدۇ.

ئىككىنچىدىن، ئەگەر بىر ئېتنىك ئادەم توپىنىڭ ئۆز ئانا تىلى بولمايدىكەن، ئۇلار «بىر خەلق ئەمەس، پەقەت بىر گۇرۇپپا ئادەم ياكى بىر گۇرۇپپا نوپۇستىنلا ئىبارەت؛ ئۇلار بىر ئايرىم دۆلەت بولۇشنىڭ بىر شەرتىگە، يەنى ئۆز ئانا تىلى بولۇشى كېرەكلىكى شەرتىگە چۈشمەيدىكەن» ، دەپ قارىلىپ، ئۇلارنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقى ئىنكار قىلىنىدۇ.

ئۈچىنچىدىن، ئېتنىك گۇرۇپپىلار ئۆزلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن ھەر خىل قالپاق ۋە باھالارنىڭ تەسىرى بىلەن جەمئىيەتتە كۆزگە كۆرۈنمەس ۋە ئىناۋەتكە ئىگە ئەمەس بولۇپ قالىدۇ.

تۆتىنچىدىن، ھۆكۈمران ئورۇندىكى مىللەت ئۆز تىلى ئارقىلىق كېلىشتۈرۈپ، ئۆز ئىدىيىلىرى بىلەن يەرلىك مىللەت خەلقىنىڭ كۆڭلىنى مۇستەملىكە قىلىپ، شۇ ئارقىلىق يەرلىك مىللەت خەلقىنى يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئىشلار، شۇنداقلا ھوقۇق ۋە ماددىي بايلىقلارنىڭ تەڭسىز تەقسىم قىلىنىشى بىر نورمال ئىش، ۋە بىر ئادىل ئىش، دېگەنگە ئىشىنىدىغان قىلىدۇ.

قىسقىسى، فىزىكىلىق مۇستەملىكە، جىسمانىي زوراۋانلىق ۋە بىئولوگىيىلىك پەرقلەر ئاساسىدىكى مىللەتچىلىك بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ھازىر دۇنيادا باي-كەمبەغەل پەرقىنى چوڭايتىدىغان، كەمبەغەللەرنى مەڭگۈ مال-مۈلۈكلۈك بولالمايدىغان قىلىدىغان، ھەمدە جەۋھەر گۇرۇپپىلارغا تەۋە كىشىلەرنىڭ يەر شارىنىڭ بارغانسېرى تېز سۈرئەتتە ۋەيران بولۇشى جەھەتتىكى مەسئۇلىيەتلىرىنى يوشۇرىدىغان تېخىمۇ مۇرەككەپ ۋە تېخىمۇ قەبىھ ۋاسىتىلەر ھازىرمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىۋاتىدۇ.

## 5. ئاخىرقى سۆز

مەن كۆرۈشۈپ قالغان بىر «ياخشىمۇسىز؟ ئامېرىكىغا قاچان كەلدىڭىز؟» ، دېگەن سوئالغا ئۇيغۇرچە جاۋاب بېرەلمەيدىغان، ئۈرۈمچىدە تۇغۇلۇپ ئۆسۈپ، ھازىر بېيجىڭدا ئوقۇۋاتقان بىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىنىڭ تەسىرى بىلەن، چوڭقۇر ئويلارغا پېتىپ، ھەمدە بىر ئاز ئىزدىنىپ، مەزكۇر ماقالىنى يېزىپ چىقتىم. مەقسىتىم بىر مىللەت كىشىلىرى ئاشۇ ئوقۇغۇچىغا ئوخشاش ئۆز ئانا تىلىنى يوقاتقاندا، ئۇنىڭغا قوشۇپ يەنە نېمىلەردىن ئايرىلىپ قالىدىغانلىقىنى ئېنىقلاپ چىقىش. مېنىڭچە ھازىر بۇ مەسىلىگە كۆڭۈل بولىۋاتقان، ھەمدە ئاشۇ مەسىلە ئۈستىدە ئىزدىنىۋاتقان ئۇيغۇرلار ئاز ئەمەس. ئەگەر ھازىرقى دۇنياغا ئوبدان سەپ سالىدىغان بولساق، بىر قىسىم دۆلەت ھۆكۈمەتلىرى ئۆزلىرىنىڭ يەرلىك مىللەتلىرىگە بەلگىلەپ بەرگەن تاللاشلاردىن مۇنداق بىر قانچىسىنىڭ بارلىقىنى بايقايمىز: (1) «يا ئانا تىلىڭغا تۇر، يا خىزمەتكە تۇر» ، (2) «يا مىللىي كىملىكىڭگە ۋە ئانا تىلىڭغا تۇر، يا ئاپتونومىيە ۋە يەر ھوقۇقىغا تۇر» ، (3) «سەن نېمە دېسەڭ دە، دۇنيا نېمە دېسە دېسۇن، مەن سېنى تىلىڭنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش ئارقىلىق ئۆزگەرتىمەن».

مەيلى سىز بۇ 3 خىل تاللاشلارنىڭ قايسىسىغا دۇچ كەلگەن بولىشىڭىزدىن قەتئىينەزەر، سىز ئۆز ئانا تىلىڭىزنى ساقلاپ قېلىشتا پايدىلانسىڭىز بولىدىغان نەرسىلەردىن كام دېگەندىمۇ مۇنداق ئۈچى بار: (1) ياراتقۇچى ھەممە ئىنسانلارنى ياراتقاندا ئۇلارغا ئاتا قىلغان ئۆز يولىنى ئۆزى تاللاش ئىقتىدارى. سىز مۇشۇ ئىقتىدارىڭىزدىن پايدىلىنىپ، مەكتەپ بالىڭىزغا ئانا تىلنى ئۆگەتمىگەن ياكى ياخشى ئۆگەتمىگەن تەقدىردىمۇ، سىز ئانا تىلنى ئۆيدە ئۆگىتەلەيسىز. مەن ماقالەمنىڭ بېشىدا تىلغا ئالغان، ياپونىيىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن بولسىمۇ ئۇيغۇر تىلىنى ياخشى سۆزلىيەلەيدىغان 9 ياشلىق ئۇيغۇر يىگىت مانا شۇنىڭ بىر ياخشى مىسالى. (2) ھەر بىر ئىنسانىنىڭ ئۆز كۆڭلىنى ئۆزى كونترول قىلىش، ئۆز قەلبىنى ئۆزى كونترول قىلىش، ئۆز يۈرىكىنى ئۆزى كونترول قىلىشتىن ئىبارەت تۇغما تالانتى. كىشىلەر مۇشۇ تۇغما تالانتىدىن

پايدىلىنىپ، پەقەت بولمىسا ئانا تىلنى ئۆزىنىڭ يۈرىكىدە ساقلاپ قالالايدۇ.
(3) قانۇنىي يوللاردىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ ھەق-ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا بارلىق تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىش. بۇ جەھەتتە مەن بۇرۇنقى بىر ماقالەمدە تۆۋەندىكىنى يازغان ئىدىم: «دۆلەتلىك ۋە يەرلىك قانۇن-تۈزۈملەرنىڭ ئىچىدە تۇرۇپمۇ قىلغىلى بولىدىغان نۇرغۇن ئىشلار بار. بۇ يەردىكى گەپ سىزنىڭ ئاشۇنداق ئىشلارنى قىلىپ سىناپ بېقىشنى خالاش-خالىماسلىقىڭىزدا. سىزنىڭ ئاشۇنداق بىر يولنى تاللاش-تاللىماسلىقىڭىزدا. ياۋاش ئادەمنى تاپقاندا ئۇنى ھەممە ئادەمنىڭ بوزەك قىلغۇسى كېلىدۇ. بۇ ئەھۋال دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە ئوخشاش. ... ئۇيغۇرلاردا ئۆز تەقدىرىگە ئۆز قولۇڭغا ئال دېگەنگە ئوخشاش بىر گەپمۇ بار. بۇ سۆزلەر نورمال ئىنساندەك ياشايدىغان ئادەملەرگە قارىتىلغان. مېنىڭچە ھازىر ئۇيغۇرلارغا نورمال ئىنساندەك ياشايدىغان، ھېچ بولمىغاندا قانۇن سىزىقىنىڭ سىرتىغا چىقماي تۇرۇپ نورمال ئىنساندەك ياشاشقا ئۇرۇنۇپ باقىدىغان ۋاقىت كەلدى. مەن بۇرۇنمۇ ئېيتىپ ئۆتكەندەك، ئەگەر سىز بىر ئىشنى قىلىشقا ئۇرۇنۇپ باقمىسىڭىز، ئۇ ئىشنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىش ئېھتىماللىقى نۆل بولىدۇ.»

مېنىڭچە ھازىر نۇرغۇن كىشىلەر ئۆز-ئۆزىدىن «ئۇيغۇرلار قانداق بولۇپ يېقىنقى 10 يىلدىن بۇيان بىر قاتار چوڭ ئۆزگىرىشلەرنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرۈپ، بۈگۈنكىدەك بىر ھالغا چۈشۈپ قالدى؟» دېگەن سوئالنى سوراۋاتىدۇ. بۇ سوئالغا نۇرغۇن كىشىلەر 2001-يىلىدىكى 11-سېنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىنكى خەلقئارالىق سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي ئۆزگىرىشلەرگە باغلاپ تۇرۇپ، خېلى توغرا جاۋاب بېرەلەيدۇ. لېكىن ئۇنداق قىلىشنىڭ ھازىر ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئانچە زور پايدىسى يوق. ھازىر ئۇيغۇرلار ئۈچۈن بۇ جەھەتتە سەۋەب ئىزدەيدىغان ۋاقىت ئەمەس. بەلكى چارە ئىزدەيدىغان ۋاقىت.

مەن مەزكۇر ماقالىنى تىلنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقى توغرىسىدىكى بىر قىسىم سۆزلەرنى نەقىل كەلتۈرۈش بىلەن ئاخىرلاشتۇرىمەن (بۇ سۆزلەرنىڭ ھەممىسى كاۋاس خانىمنىڭ كىتابىدىن ئېلىنغان):

— تىل ھەر بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيىتىنىڭ ئېگىز مۇنارى. ئەگەر

ئاسسىمىلياتسىيە بىر مىللەتنىڭ كىملىكىنى بىتچىت قىلىۋېتىدىكەن، ئۇ مىللەتنىڭ خەلقىمۇ يوقىلىدۇ. (كارولىي بارى، رىملىق شائىر، 1996)

ــ تىل بىلەن مەدەنىيەت يالغۇز سۆز بىلەن سۆز بوغۇملىرى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇلار ئادەم بىلەن ياراتقۇچىنى ئۆز-ئارا ئالاقىلاشتۇرۇپ تۇرىدىغان نەرسە. ئەگەر مەن ئۆز تىلىمدا ئايەت ئوقۇيالىسام، ئۇ خۇددى بىر جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمىدىن چىققاندىن كېيىن ئالغان تۇنجى نەپەسىمگە ئوخشاش ئىش بولىدۇ. تىل بىلەن مەدەنىيەت بىز بىلەن ياراتقۇچىنى ئۆز-ئارا باغلاپ تۇرىدىغان ھەمراھلاردىن ئىبارەتتۇر. (كانادا قەدىمىي تىللار ۋە مەدەنىيەتلەر خىزمەت گۇرۇپپىسى، 2005)

ــ تىل بىلەن مەدەنىيەتنى بىر-بىرىدىن ئايرىۋەتكىلى بولمايدۇ. ئەگەر ئۇلار ئايرىلىۋېتىلىدىكەن، تىل پەقەت بىر قورال، ياكى بىر نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. بىزنىڭ تىلىمىز بىلەن مەدەنىيىتىمىز بىزنىڭ كىملىكىمىز بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىزنىڭ كىم ئىكەنلىكىمىزنى، بىزنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىمىزنى، ۋە بىزنىڭ نەگە قاراپ مېڭىۋاتقانلىقىمىزنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. (كانادا قەدىمىي تىللار ۋە مەدەنىيەتلەر خىزمەت گۇرۇپپىسى، 2005)

ــ بىز مۇشۇ زېمىندىن، ئۆزىمىزنىڭ مۇشۇ ماكانىدىن كەلگەن. بىز مۇشۇ زېمىنغا مەنسۇپ، ۋە ئۇنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، ئۆزىمىزنىڭ كىملىكىنى مۇشۇ زېمىندىن تاپىمىز. بىزنىڭ تىلىمىز بىزنى مۇشۇ بىر ھەقىقەتكە قايتا-قايتىلاپ ئېلىپ كېلىدۇ. بۇنى تولۇق چۈشىنىش بىزنىڭ ئۆز تىلىمىز بىلەن ئۆز مەدەنىيىتىمىزنى ساقلاش، كۈچەيتىش ۋە كېڭەيتىشىمىزنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى چۈشىنىشىمىز ئۈچۈن زۆرۈردۇر. (كانادا قەدىمىي تىللار ۋە مەدەنىيەتلەر خىزمەت گۇرۇپپىسى، 2005)

ــ ئانا تىلىمىز ياراتقۇچىمىزدىن كەلگەن بىر سوۋغات. بۇنداق مۇقەددەس سوۋغاتنى ئەۋلادتىن ئەۋلادقا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ تۇرۇش، ئۇنىڭ يوقۇلۇپ كېتىشىگە يول قويماسلىق كېرەك. (ۋاتاھومىگىئە، 1998)

ــ بىزنىڭ قەدىمقى تىلىمىز بىزنىڭ مەدەنىي ۋە روھىي مىراسلىرىمىزنىڭ

ئاساسى. ئەگەر ئۇ بولمايدىكەن، بىز ياراتقۇچىمىز بىزدىن كۈتكەندەك بىر شەكىلدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمىغان بولاتتۇق. (زەپەدا، 1990)

—بىزنىڭ ئانا تىلىمىز بولمايدىكەن، بىزنىڭ مەدەنىيىتىمىزنىڭ ساقلىنىپ قېلىشى مۇمكىن ئەمەس. (كانادادىكى ئانا تىل توغرىسىدىكى ئالاھىدە يىغىننىڭ قارارى، 1990)

**بۇ يازمىدا تىلغا ئېلىنغان ماقالىلارنىڭ تور ئادرېسلىرى:**

1) مۇشۇ ماقالىدا پايدىلىنىلغان كاڭاس خانىمنىڭ يېڭى كىتاۋى:
www.e-pages.dk/grusweb/55

2) دوكتور جىم كۇمىنىزنىڭ ئىلمىي ماقالىسى:
http://www.iteachilearn.com/cummins/mother.htm

3)《新疆维吾尔自治区中长期教育改革和发展规划纲要(2010－2020年)》
http://www.tianshannet.com/news/content/2010-09/10/content_5228398.htm

4) «مۇتەخەسسىسلەر ئىلمىي ماقالىسى»
http://www.un.org/esa/socdev/unpfii/documents/E_C19_2008_7.pdf

5) ئەركىن سىدىقنىڭ بارلىق يازمىلىرى: www.meripet.com/Sohbet

2010-يىلى 10-ئاينىڭ 6-كۈنى

# مىللىتىمىز ئاخىرقى نەپەسنى ئېلىۋاتىدۇ!

**غ.ئو.زۇلپىقار**

2000 ـ يىلى تاجاۋۇزچى خىتاي ھۆكۈمىتى ئۆز ۋەتىنىمىزدە ئۆز تىلىمىزنى ئىستېمالدىن قالدۇرۇشنىڭ بىرىنچى قەدىمى بولغان، ئالىي مەكتەپلەردە ئۇيغۇر تىلى ئىشلەتمەسلىكنى ئېلان قىلدى. بۇ كىچىكتۇرۇپ ئىجرا قىلىنىدىغان ئۆلۈم جازاسىنىڭ ھۆلى ئىدى. ئارقىدىنلا ئاتالمىش «قوش تىللىق مائارىپ» سەپسەتىسى قەپەستىن چىقىرىلدى. يېقىندىن بۇيان بۇ خىل تىل تاجاۋۇزىنى يەسلىدىن باشلاشتەك بىشەملەرچە نىيەتلىرىنى ئاشكارا ئىشقا ئاشۇرماقتا.

تىلىمىز ئالىي مەكتەپلەردە ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندىلا، مەن بۇ بىر باشلىنىش، بۇنىڭ ئاخىرى پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ھەممە ساھەسىدە ئىستېمالدىن قالدۇرۇش بىلەن نەتىجىلىنىدۇ، دېگەن ئىدىم ۋە مەسىلىنىڭ تەخىرسىز جىددىيلىكىنى قېرىنداشلارغا ئۇقتۇرۇش مەقسىتىدە، بۇ تېمىنى «مىللىتىمىز ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىندى» دېگەن ماۋزۇدا يورۇتۇشقا تىرىشقان ئىدىم. ناھايىتى ئەپسۇسكى، بۇ ھەقتىكى چۆچۈش، ئويغىنىش، ھەيران قالارلىق دەرىجىدە تۆۋەن ياكى تامامەن يوق. بۇ ھەقتە نە بەس مۇنازىرە، نە قارشىلىق پائالىيەتلىرى، نە ئەقىلگە مۇۋاپىق تىركىشىش، جان تالىشىش، نە پىلان ـ لايىھەلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلمىدى. ھېچقانداق تەدبىر، ھەتتا ئەقەللىي قارشىلىق روھمۇ ئىپادىلەنمىگەن بۇ مىللەتنىڭ كەلگۈسى نېمە بولار؟ بۇلارنى ئويلىسا كىشىنى سۈر باسىدۇ.

ئاتالمىش ئاپتونوم رايونىنىڭ قورچاق رەئىسلىرىنىڭ بەزەنلىرى مۇناپىقلارچە «قوش تىللىق مائارىپ» نىڭ ئەۋزەللىكى ھەققىدە توختالغاندا «تۇڭگانلار خىتايچە سۆزلەيدۇ، ئۇيغۇرلارمۇ خىتايچە سۆزلىشىدىغان بولۇپ كەتسە نېمە بوپتۇ» دەپتۇ. ئەمدى قالغانلىرىمىزمۇ ئۇنداق دېمەيدىغاندۇق؟ ئۇيغۇر بولۇپ ياشاش، تۇڭگانغا ئايلىنىپ ياشاش، ياكى خىتاينىڭ ئۆزى بولۇپ كېتىشنىڭ پەرقى يوق بولغان ئەڭ تۆۋەن ھاياتلىق تەلىپىدىكى ئاۋۇ قورچاق ئىشەكلەرگە ئەلۋەتتە ھېچ گەپ ئەمەس، ھەتتا چوشقىغا ئايلىنىپ كەتكەن تەقدىردىمۇ پەقەت ياشىسىلا بولىدۇ، توق ياشىسا، قېنىپ يۇندا ئىچەلىسىلا ياشىغانلىق بولىدۇ، ئەلۋەتتە! لېكىن قالغانلىرىمىز نېمىشقا بۇ مەسىلە ھەققىدە باش قاتۇرمايمىز؟

بەزەنلەر مىللەت يوقالمايدۇ! دەپ كېسىپ ئېيتىدۇ. بۇ بەك چىرايلىق گەپ، ئۈمىدۋارلىقنى ئىپادىلەيدىغان قەھرىمانانە گەپ. ئەمما كونكرېت شەرتلەرگە قارالدىمۇ؟ مىللەتنىڭ يوقالماسلىقى ھەققىدىكى لاپلار پەقەت ئابستراكت ئارزۇ، ئەمما بۈگۈنكى رېئاللىقىمىزدا بۇنىڭ ھېچقانداق كونكرېت ئاساسى يوق. ئارزۇ ھامان شېرىن، رېئاللىق ھامان رەھىمسىز.

ئوتتۇرا ئاسىيادا، تۈركىيىدە، سەئۇدى ئەرەبىستاندا ئۇيغۇرلار ياشايدۇ (غەرب دۆلەتلىرىدىكىلەر يېڭى بولغاچقا ئۇلار ھەققىدە توختىلىشنىڭ ئورنى يوق)، ئۇلارنىڭ ئەھۋالى قانداق؟ ئالدىنقى ئەۋلادى ئۇيغۇر سۈپىتىدە ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇردى ياكى ئاخىرلاشتۇرۇۋاتىدۇ. شۇ يەردە تۇغۇلغانلار ئاللىقاچان مىللىي تىلىنى بىلمەيدىغان، مىللىي كىملىكىنى ئۇنتۇغان، ھەتتا مىللىي كىملىكىدىن تېنىشقا مايىل بىر ئەۋلاد بولۇپ چىقتى، چىقىۋاتىدۇ ۋە چىقىدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ شۇ دۆلەتتىكى ئاساسىي ئاھالە بىلەن بولغان نوپۇس نىسبىتى، ھاياتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە ئىشلىتىدىغان تىل، ھاكىمىيەتنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىدا ھاكىم تىلنىڭ تەكىتلىنىشى، تەلەپ قىلىنىشى ۋە بىلىنمەس بىر شەكىلدە بولسىمۇ بىر خىل قىستاش تەدرىجىي يوسۇندا ئەنە شۇنداق يوقىلىشقا ئېلىپ كەلدى. گەرچە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەھۋال بىرئاز ياخشىدەك، تېخى ھازىرمۇ تۇغۇلۇۋاتقان باللارنىڭ ئۇيغۇرچە تىلى

چىقىۋاتقىنى (قازاقىستان ۋە قىرغىزىستاننىڭ بىر قىسىم رايونلىرىدا) ھەرگىزمۇ ئاساسىي ئېقىم ئەمەس.

ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرىدا پەرغانە ۋادىسىدا بىر مىليوندىن ئارتۇق ئۇيغۇرنىڭ ياشىغانلىقى، ئەنجان شەھىرىدىلا بىرنەچچە ئۇيغۇر ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ، دراما - تىياتىرىنىڭ بولغانلىقىنى ئەسلەپ، بۈگۈنكى ئەھۋالغا سېلىشتۇرساق، نېمىنىڭ ئاساسىي ئېقىم ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشىمىز تەس ئەمەس. بۈگۈن بۇ يەرلەردە بىرەر ئۇيغۇر مەكتىپىنى تاپقىلى بولامدۇ؟ 40 - يىللارغىچىمۇ تاشكەنتتە ئۇيغۇر تىلىدا مەتبۇئاتلار بار ئىدى، ژۇرناللار نەشر قىلىناتتى، بۈگۈن بۇنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىنمۇ؟ ئۆزبېكىستاننىڭ بىر ۋىلايىتى بولغان قەشقەر دەريا ۋىلايىتىدىكى ئاھالە ئاساسەن ئۇيغۇرلار ئىدى، بۈگۈن ئۇلارنىڭ پاسپورتىغا قاراڭ، نېمىكەن؟ ھەتتا رەسمىي مەتبۇئاتلار «قەشقەر دەريا» دېگەن يەر ئىسمىنى غەرەزلىك تۈردە بۇرمىلاپ، تەدرىجىي ھالدا «قاشقا دەريا» دەپ ئومۇملاشتۇرماقتا. ئەمما شۇ يەرلىكلەرنىڭ ھەممىسى بۇ ئىسمنى «قەشقەر دەريا» دەپ ئاتايدۇ.

قازاقىستاندا بۇرۇندىن مەۋجۇت بولغان ئۇيغۇرلارغا ئائىت ئىلىم مەدەنىيەت مۇئەسسەسىلىرىنىڭ بارا - بارا كىچىكلىتىلىشى ياكى ئاساسەن ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشى، ئۇيغۇرچە «پېڭى ھايات گېزىتى» نىڭ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ تەلىپىگە ئىجابىي تاقىلىشى، بىر مىليوندىن ئارتۇق بولغان ئۇيغۇر نوپۇسىنىڭ كۆلكىلىك دەرىجىدە ئاز كۆرسىتىلىشى قاتارلىقلارمۇ مۇشۇ ئومۇمىي ئېقىمنى كۆرسىتىدىغان ئەينەكتۇر. بۈگۈنكى خىتاي ھۆكۈمىتى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ مۇناسىۋەت يېقىنلىقىمۇ، بۇ مەۋجۇتلۇقنى كۈندىن كۈنگە يوق قىلىدىغان كۈچلۈك بىر ئامىل بولۇپ تۇرماقتا.

يۇقىرىقى بارلىق مىساللار بۈگۈنكى ۋەتەن ئىچى ۋەزىيىتىمىزگە سېلىشتۇرۇش ئۈچۈن بېرىلدى. بۇ سېلىشتۇرما نۇقتىلىرى شۇلاردىن ئىبارەت: نوپۇس نىسبىتى، ھاكىمىيەتنىڭ ئاشكارا - يوشۇرۇن بېسىمى، ھاياتنىڭ تەقەززاسى، ياشاش ئۈچۈن شۇ دۆلەتنىڭ تىلىنى ئۆگىنىشكە مەجبۇر بولۇش... قاتارلىقلار. ئەمدى ئۆز ۋەتىنىمىزگە كەلسەك، ئۇ يەردىكى ھاياتلىق

شارائىتىمىز، يۇقىرىدا مىسال قىلىنغان چەت دۆلەتلەردىن پەرقىمىز، يەنى، قارىماققا ئۆز يۇرتىمىزدەك قىلغىنى بىلەن، يەنىلا ئۆز يۇرتىمىزدا مۇساپىر، ھوقۇقسىز، تىلىمىزنىڭ ھاكىمىيەت تىلى ھېسابلانمايدىغانلىقى، نوپۇس نىسبىتىدىكى پەرقىنىڭ قورقۇنچلۇق ئۆزگىرىشى قاتارلىق تاشقى مەۋجۇتلۇق شەرتلىرىمىزنىڭ ھەممىسى ئاشۇ ئۇيغۇرلار ياشايدىغان چەت مەملىكەتلەر بىلەن ئوخشاش بولسا، خىتاينىڭ تاجاۋۇزچى ئىكەنلىكى، ئىشتىھاسىنىڭ ھەرقانداق بىر كونا-يېڭى جاھانگىردىنمۇ ئېشىپ چۈشىدىغانلىقى، ۋەھشىيلىكتە تەڭدىشىنىڭ يوقلۇقى، زورلاش مېتودىنىڭ قەبىھلىكى، يېرىمىزنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىشقا بولغان جىددىي ئېھتىياجى قاتارلىق ئامىللار باشقا مەملىكەتلەرگە قارىغاندا ئارتۇق بولۇپ، مۇشۇ يۆنىلىش بويىنچە بولغاندا قازاقىستاندىكى ئۇيغۇرلار مىللىي كىملىكىدىن يوقىلىشتىن بۇرۇنراق، شەرقىي تۈركىستاندا يوقىلىپ بولۇشى چوقۇم.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغانلار مەۋجۇتلۇقتىن قېلىشىمىزدىكى تاشقى شەرتلەر ياكى ماددىي شەرتلەر بولۇپ، مەۋجۇتلۇق ئۈچۈن نېمىلەرنىڭ كېرەكلىكىنىمۇ شۇنىڭدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ: مىللىي مەۋجۇدىيەتنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋە بەلكى بىردىن بىر ماددىي شەرتى — مۇستەقىل دۆلىتى بولۇشتۇر.

### تىلنىڭ يوقىلىشى — مىللەتنىڭ يوقىلىشى ھېسابلىنامدۇ؟

ئەلۋەتتە. بىز دۇنياغا، تارىخنىڭ بەتلىرىگە قارايدىغان بولساق، تىلىدىن ئايرىلىپ مىللەتنىڭ مەۋجۇت بولمايدىغانلىقىنى ئوچۇق كۆرەلەيمىز.

بۈگۈن لاتىن ئامېرىكىسىدىكى دۆلەتلەر ئاساسەن ئىسپانچە، ۋە قالغىنى پورتۇگالچە سۆزلىشىدۇ. يەنى، 37 مىليون نوپۇسلۇق ئىسپانىيىنىڭ تېشىدا يەنە 350 مىليون ئىنسان ئىسپان تىلى ئىشلىتىدۇ. 12 مىليون نوپۇسلۇق پورتۇگالىيە سىرتىدا 190 مىليون ئىنسان پورتۇگالچە سۆزلىشىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى شۇ دۆلەتلەردىن كۆچۈپ بارغانلارمۇ؟ ئاشۇ قاتناش قالايسىز دەۋرلەردە ئەمەس، بۈگۈنكى كۈندىمۇ بۇنچىلىك ئادەمنىڭ كۆچۈشى ئاسان ئەمەس. ئەمەلىيەتتە بۇلار مۇستەملىكىچىلەر تەرىپىدىن ئاسسىمىلياتسىيە

قىلىۋېتىلگەن يەرلىك نوپۇسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تەبىئىيكى، ياۋروپالىق بولمىغانلارنىڭ قېنى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. شۇڭا، لاتىن ئامېرىكىسىدىكى ئىسپانلار، پورتۇگاللار ياۋروپالىقلارغا ئوخشىمايدۇ: قارا چاچ، تېرىسىمۇ ئاق ئەمەس، بۇغداي ئۆڭ ياكى قارا. ئەمما ئۇلار تىلى ئىسپانچە، پورتۇگالچە بولغىنى ئۈچۈن ئۆزلىرىنى ئىسپان، پورتۇگال دېيىشىدۇ. تىلىنىڭ بىرلىكىدىن تەبىئىي شەكىللىنىدىغان ھېسسىيات بىرلىكى، مەدەنىيەت بىرلىكى، ئېستېتىك ئۆلچەملىرىدىكى ئورتاقلىق، تەدرىجىي ھالدا ئاسسىمىلياتسىيە بولغۇچى مىللەت ئەزالىرىدا ئاسسىمىلياتسىيە قىلغۇچىنىڭ كىملىكى مېنىڭسىمەك ئورنىغا ئۆتىدۇ.

خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ كۆزلەۋاتقىنىمۇ دەل ئەنە شۇ. چۈنكى، ئۇيغۇر جەمەتىدىن بولغان ئەرەبلەشكەن بىر كىشى، ياكى بۈگۈنكى كۈندە ئەنجاندا ياشاۋاتقان ئۇيغۇر ئەۋلادى شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىگە ھېچ قىزىقمايدۇ. ئىنسان گەرچە ئۆزلىرىنىڭ تارىخىي كېلىپ چىقىشلىرىنى ئاسان ئۇنتۇپ قالمىسىمۇ، لېكىن، ئۆزى ياشاۋاتقان زاماندىكى مەۋجۇدىيىتى نېمە بولسا، شۇنىڭغا بولغان سۆيگۈسى ھەممىدىن ئۈستۈن بولىدۇ. ئۇنداق بولمايدىغان بولسا، بۈگۈنكى ۋېنگرلار، فىنلار ۋە باشقىلار بىز بىلەن بولغان يىلتىزداشلىقىدىن شەرقىي تۈركىستان ئۈچۈن جان ئاتمايتىمۇ؟ ئۆزبېكىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ جەمەتىدىن كەلگەن يېڭى «ئۆزبېكلەر» ئۆزلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى ئۇنتۇپ قالغۇدەك ئۇزاق زامان ئۆتمىگەن، ئەمدىلا بىر ئەۋلاد ئۆتكەن ياكى تېخى تولۇق ئۆتمىگەن بولۇشىغا قارىماي، بۇنداق بىر ئەسلىگە كۆيۈش، يىلتىزىغا تارتىنىش خاھىشى ئىپادىلىمەيۋاتقىنىنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىز. مانا بۇ رېئاللىقنى خىتايلار تەتقىق قىلمىدى ئەمەس، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇلار، مىللىي تىلنى يوقىتىش ئارقىلىق، مىللىي كىملىكىمىزنى ئۆزگەرتىش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرماقچى!

ئۇيغۇرلارنىڭ يوقىلىشى تارىخىي مۇقەررەرلىكمۇ؟

بىر مىللەتنىڭ مۇستەقىل دۆلىتى بولمىسا ئۇنىڭ يوقىلىشى مۇقەررەر! پەقەت قالدى ئىش ۋاقىت مەسىلىسى. يا بالدۇر يا كېيىن، ئەمما ئاخىرقى

نەتىجە بىرلا، ئۇ بولسىمۇ يوقىلىش! بىر فرانسۇز رۇس دۆلىتى ئىچىدە ياشىسا مۇقەررەر رۇسقا ئايلىنىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ فرانسۇز بولۇپ تۇرۇۋشىنىڭ شەرتى مۇتلەق بىر فرانسىيە دۆلىتى. بىر تۈركنىڭ مەۋجۇتلۇقىنىڭ شەرتىمۇ بىر تۈركىيىنىڭ بولۇشى!

ئەگەر بۇ نۇقتا چەتكە قېقىلمايدىغان بولسا، يەنە بۈگۈنكى دۇنيانىڭ تەرەققىيات مەنزىلى شۇنداقكى، ئىقتىسادىي رىقابەتنىڭ كەسكىنلىكى، قاتناش ۋاستىلىرىنىڭ تېزلىششى، دۇنيانىڭ «كىچىكلەپ كېتىۋاتقانلىقى» دىن ئىبارەت بۇ مەۋجۇت ئەمەلىيەت، بەزى كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ تىلىنى دۆلەت ھالقىپ ھاكىم تىل ئورنىغا چىقىرىۋاتىدۇ. يەنى، كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ تىلى دۆلەت ھالقىپ، ئاسسىمىلياتسىيە ھۇجۇمى قىلىدىغان بىر ۋەزىيەتتە ياشاۋاتىمىز. ھەتتا بۇنداق تىللارنى ئاسسىمىلياتسىيە بولغۇچىلار «كۆڭۈل رازىلىقى» بىلەن ئۆزلىرى ئىستەپ ئۆگىنىش قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلمەكتە. مۇشۇنداق بىر ۋەزىيەتتە، دۆلىتى بولمىغان، يەنى مىللىي مەۋجۇتلۇقىنىڭ ئەڭ مۇھىم ماددىي شەرتىدىن مەھرۇم بولغان مىللەتنىڭ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر تاجاۋۇزچىنىڭ تۆمۈر تاپىنى ئاستىدىكى بىر مىللەتنىڭ مەۋجۇدىيىتى ھەققىدىكى خىياللار ئۆتۈپ كەتكەن ئۇتوپىيە بولسا كېرەك.

مىللىي يوقىلىشىمىزغا مۇۋاپىق تۇپراق ۋەتەن ئىچىدىمۇ، ۋەتەن سىرتىدىكى قېرىنداش قوشنا ئەللەردىمۇ خىتاينىڭ مەقسىتىگە خوپ چۈشكەندىن باشقا، ئۆزىمىزدىكى مىللىي مەۋجۇتلۇقنىڭ ئىچكى شەرتلىرىمۇ خىتايلارغا ئوڭ كېلىدىغان ھالەتتە تۇرماقتا. تەشكىلدىك قارشىلىق، ئىستىخىيىلىك قارشىلىق، يوقىلىشقا تىرەجەش روھى بولمىغاندىن تاشقىرى، ئەڭ ئۇلۇغ بىلەرمەنلىرىمىزمۇ بىزگە يۈزلەنگەن خەتەرنىڭ دەرىجىسىنى توغرا مۆلچەرلەپ باقمىدى ۋە شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بۇ ھەقتىكى ھازىرلىق، چارە تەدبىر، ئىزدىنىش... لاردىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس. خەتەرنىڭ دەرىجىسىنى توغرا تونۇماي تۇرۇپ، ئۇنىڭغا لايىق قارشىلىق روھى شەكىللەنمەيدۇ! خىتاينىڭ ئاتوم بومبىسى ئۇ قەدەر قورقۇنچلۇق ئەمەس ئىدى، ئەمما بۇ يوقىتىش سىياسىتى نەچچە ھەسسە خەتەرلىك ۋە قورقۇنچلۇق!

# شەرقىي تۈركىستاننىڭ كېلەچىكى

دوكتور ئەركىن ئەكرەم

ئىلاۋە: تۈركىيە ھاجەتتەپە ئۇنىۋېرسىتېتى ئىجتىمائىي پەنلەر ئىنستىتۇتى دوتسېنتى، تارىخ –ئىستراتېگىيە پەنلىرى دوكتورى ئەركىن ئەكرەم ئەپەندى «SWOT ئانالىزى» ئارقىلىق «شەرقىي تۈركىستاننىڭ كېلەچىكى» ھەققىدە ئۆزىنىڭ ئىستراتېگىيە تەتقىقاتى بويىچە ئانالىز ئېلىپ باردى. دوكتور ئەركىن ئەكرەم ھازىرقىدەك ئىنتايىن سەزگۈر دۇنيا ۋەزىيىتىدە ئۇيغۇرلارنىڭ تولىمۇ ھوشيار بولۇپ، ھېسسىياتقا تايىنىپ ئەمەس، بەلكى ئەقىلگە تايىنىپ ئىش قىلىشى كېرەكلىكى، تارىختا قىلغان خاتالىقنى قايتا سادىر قىلماسلىقى ۋە خەلقئارا ۋەزىيەتتىكى ئۇيغۇرلار ئۈچۈن يارىتىلغان پۇرسەتلەرنى چىڭ تۇتۇشنىڭ تولىمۇ زۆرۈرلۈكىنى ئوتتۇرىغا قويىدى.

شەرقىي تۈركىستاننىڭ كېلەچىكى ــ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ رايونغا قاراتقان سىياسىتىگە ۋە خىتاي ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن «شەرقىي تۈركىستانچىلار» دەپ ئاتالغانلارنىڭ مۇستەقىللىق پائالىيەتلىرىگە؛ شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن مۇجادىلە قىلىۋاتقانلارنىڭ ئېگىدىكى غايىۋى پروگراممىلارغا؛ خىتاينىڭ تەرەققىياتى ۋە خەلقئاراغا قاراتقان سىياسىتىگە، شۇنداقلا خەلقئارالىق سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە بىخەتەرلىك تەكشۈرۈلۈكى ئەندىزىسىگە؛ ئەڭ مۇھىمى، شەرقىي تۈركىستان داۋاسىنى ئېلىپ بېرىۋاتقان تەشكىلاتلارنىڭ يىراقنى كۆرۈش قابىلىيىتىگە ئىگە ياكى ئەمەسلىكىگە زىچ مۇناسىۋەتلىك.

## 1. شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى

خىتاي ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستاننىڭ تارىختىن بېرى خىتاينىڭ بىر پارچىسى ئىكەنلىكىنى جۆيلۈمەكتە. خىتاي ھۆكۈمىتى يەنە مەۋجۇت خەلقئارا سىياسىي سىستېمىدا بىر ئېگىمەن دۆلەت بولۇش سۈپىتى بىلەن شەرقىي تۈركىستاننى ئۆز تېررىتورىيىسى ئىچىدىكى بىر پارچە زېمىن دەپ بايان قىلماقتا. مۇشۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، شەرقىي تۈركىستاننى (ئۆزىنىڭ) ئىچكى مەسىلىسى دەپ قارىغان خىتاي ھاكىمىيىتى چەتئەل كۈچلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىگە ئارىلىشىشىغا قەتئىي قارشى تۇرماقتا. خىتاي ھاكىمىيىتى 1884-يىلى تۇنجى قېتىم شەرقىي تۈركىستاننى ئۆز تېررىتورىيىسىگە قاراشلىق بىر ئۆلكىگە ئايلاندۇرۇۋالدى. ھازىرقى خىتاي ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ مانجۇ ئىمپېراتورلۇقى (1644-1911) ۋە مىللەتچى خىتاي (گومىنداڭ)نىڭ ۋارىسى سۈپىتىدە شەرقىي تۈركىستاننى ھاكىمىيىتى ئاستىدا تۇتۇپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئىلگىرى سۈرمەكتە. ئەمما شەرقىي تۈركىستان 1949-يىلى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ رەھبىرى ستالىننىڭ تەشەببۇسى ۋە ماددىي ياردىمىگە ئېرىشكەن خىتاي خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغان بولۇپ، خىتاي كوممۇنىست پارتىيىسىنىڭ رەھبىرى ماۋزېدوڭ بىلەن ستالىن ئارىسىدىكى تېلېگىراف ئالاقىلىرىدە «ئىشغال» سۆزى ئوچۇق يېزىلغانىدى[1]. ستالىننىڭ شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلماقچى بولغان خىتاي ئارمىيىسىگە ياردەم بېرىشىنىڭ سەۋەبى، ئامېرىكىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىسلام دۆلىتى قۇرۇش پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرماسلىق ئىدى[2].

قىزىل ئارمىيە ئۈرۈمچىگە كىرگەن كۈن (20-ئۆكتەبىر) نىڭ ئەتىسى، ماۋزېدوڭ مەركىزىي ھۆكۈمەت ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ باشلىقى خۇ چياۋمۇغا بىر پارچە مەكتۇپ يوللىغان بولۇپ، مەكتۇپتا: «شەرقىي تۈركىستان ئىشغال

قىلىندى» دېگەن ئىبارىنىڭ ئورنىغا: «كۆزلەنگەن جايغا يېتىپ بېرىلدى» دېگەن ئىبارىنىڭ ئالماشتۇرۇلۇشى ھەققىدە تەلىمات بەرگەنىدى[3]. بۇ ئىشغال ھەقىقەتتە ۋە بۇ ئىشغالىيەتنى قوبۇل قىلمىغان بىر قىسىم شەرقىي تۈركىستانلىق كىشىلەرنىڭ مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرى نەتىجىسىدە شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى ئوتتۇرىغا چىقتى. خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ مەزكۇر رايونغا قاراتقان سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرالمىغىنىدەك، شەرقىي تۈركىستان ئاپتونوم رايونى قانۇنىنىمۇ تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرالماسلىقى شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنىڭ خەلقئارالىق سىياسىي سەھنىگە چىقىپ قېلىشىغا سەۋەب بولدى.

خىتاي ھۆكۈمىتى، 1949 ـ يىلىدىن 1960 ـ يىلىغىچە، شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇستەقىللىق پائالىيەتلىرىنى «يەرلىك مىللەتچىلىك» دەپ قارىدى ۋە تىنچلاندۇرۇش سىياسىتى قوللاندى. 1960 ـ 1990 ـ يىللىرى ئارىسىدىكى مۇستەقىللىق مۇجادىلىسىنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كۈشكۈرتۈشى بىلەن بولغان ۋە خىتاينى بۆلۈشكە ئۇرۇنغان دەپ قاراپ، تېخىمۇ قاتتىق قول سىياسەت يۈرگۈزۈشكە باشلىدى. 1980 ـ 1985 ـ يىللىرى ئارىسىدا، خىتاي شەرقىي تۈركىستاندا ئوتتۇراھال سىياسەت يولغا قويۇۋاتاتتى. ئەمما سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرلىشىشى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېلان قىلىشىنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا بولغان تەسىرى بېيجىڭ ھۆكۈمىتىنى تېخىمۇ ئالاقزادە قىلىۋەتتى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، شەرقىي تۈركىستاندا مەيدانغا كەلگەن سىياسىي ۋە قوراللىق پائالىيەتلەرنى يەنە سىرتقى كۈچلەر ۋە چەتئەللەردىكى شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرىنىڭ بۇ رايوننى خىتاي قولىدىن يۇلۇپ ئېلىش مەقسىتىدە ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، شەرقىي تۈركىستاندا يۈرگۈزۈۋاتقان سىياسىتىنى تېخىمۇ شىددەتلىك تۈسكە كىرگۈزدى. شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇستەقىللىق تەلەپلىرىنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قانلىق باستۇرۇلۇشى ۋە بۇ باستۇرۇشقا قارشى ئېلىپ بېرىلغان قوراللىق ئىسيانلار نەتىجىسىدە،

شەرقىي تۈركىستاندا مۇقىم ۋەزىيەت شەكىللەنمىگەننىڭ ئۈستىگە، بۇ زېمىن نوپۇسىنىڭ ئاساسىي قىسمىنى تەشكىل قىلىدىغان ئۇيغۇرلار قاتتىق بېسىمغا دۇچ كەلدى.

چەتئەللەردە خىتاي ئىشغالىيىتىگە قارشى ئېلىپ بېرىلغان مۇستەقىللىق پائالىيەتلىرى، 1949-يىلىدىن كېيىن چەتئەلگە قېچىپ چىققان ۋە ئۇنىڭدىن بۇرۇن مىللەتچى خىتاي ھۆكۈمىتىدىن شەرقىي تۈركىستانغا «ئالىي مۇختارىيەت» تەلەپ قىلغان مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ۋە ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىن قاتارلىق زاتلار بىلەن باشلاندى. 1949-يىلىدىن بۇرۇن مىللەتچى خىتاي پارتىيىسىنىڭ مەجلىسىدە خەلق ۋەكىلى بولۇپ تۇرغان ۋە شەرقىي تۈركىستان يەرلىك ھۆكۈمىتىدە ھەرخىل ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن بۇ زاتلارنىڭ تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىگە كېلىشى بىلەن باشلانغان مۇستەقىللىق پائالىيەتلىرى، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستانغا قاراتقان سىياسىي بېسىمىنىڭ ئېشىپ بېرىشىغا پاراللېل ھالدا تەدرىجىي ئۈلغىيىپ بارغان. سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىدىن كېيىن، سىياسىي پائالىيەتلەرنىڭ يېتەرلىك بولمايۋاتقانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن بەزى شەرقىي تۈركىستانلىقلار قوراللىق مۇجادىلىگە ئاتلاندى ۋە ئافغانىستاندىكى ئەل-قائىدە لاگېرلىرىدا تەربىيىلەنگەندىن كېيىن، شەرقىي تۈركىستاندا قوراللىق كۈرەش ئېلىپ بېرىشقا باشلىدى. «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» نامى ئاستىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان بۇ تەشكىلات، 11-سېنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىن خەلقئارا تېررورلۇق تەشكىلاتلىرى تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلدى. 22 نەپەر ئۇيغۇر ياش(پاكىستان ۋە ئافغانىستاندا قولغا چۈشكەن) تېررورىست گۇمانى بىلەن گۇانتاناموغا ئېلىپ كېتىلدى ۋە ئامېرىكا تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغان 500 نەپەر تېررورىست گۇماندارى قاتارىدىن ئورۇن ئالدى. «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى تەشكىلاتى» غا ئوخشايدىغان باشقا كىچىك گۇرۇپپىلارمۇ ئامېرىكىنىڭ خەلقئارا تېررورىزمغا قارشى ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرى داۋامىدا تارمار بولۇپ كەتتى.

يەنە بىر تەرەپتىن، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ۋە خەلقئارا جامائەتچىلىكنىڭ شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىگە بولغان كۆز ـ قاراش ۋە بايانىنىڭ پەرقلىق بولۇشى شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى تېخىمۇ چىگىش ھالغا كەلتۈرۈپ قويدى. ئامېرىكا ھۆكۈمىتى «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» نى تېررورىست تىزىملىكىگە كىرگۈزگەندىن كېيىن، ب د ت مۇ ئۆز تىزىملىكىگە ئالغانىدى. ئەمما خىتاي ھاكىمىيىتى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان بارلىق سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنىمۇ مەزكۇر تەشكىلاتقا قوشۇپ خەلقئارالىق تېررورىست كاتېگورىيىسىگە كىرگۈزۈۋالغاچقا، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى بۇنىڭغا قارشى بايانات ئېلان قىلىشقا مەجبۇر بولدى. ئاۋۋال ئامېرىكا پرېزىدېنتى جورج بوش ئۇيغۇرلارنى كۆزدە تۇتقان ھالدا خىتاي رەھبىرى جياڭ زېمىنغا: «بۇ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرىنى تېررورىزمغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان مۇجادىلە باھانىسى بىلەن دەپسەندە قىلىشقا بولمايدۇ» دېدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مۇئاۋىن مىنىستىرى لورن كرېنر شەخسەن بېيجىڭ ۋە ئۈرۈمچىگە بېرىپ، ئامېرىكا كۆزدە تۇتقان تېررورىستنىڭ پەقەت «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» دىنلا ئىبارەت ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە، ب د ت ئىنسان ھەقلىرى كومىتېتى ۋە خەلقئارا ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتلىرىمۇ خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى سىياسىتىنى تەنقىدلەپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىنسانىي ھەق ـ ھوقۇقلىرىنى قوغداشقا تىرىشتى[4].

ئامېرىكا ۋە بەزى ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ ئۇيغۇر مەسىلىسىگە كۆڭۈل بۆلۈشى ياكى خەلقئارا ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتلىرىنىڭ دوكلاتلىرىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئىنسان ھەقلىرى مەسىلىلىرىنىڭ خەلقئارا جامائەتچىلىككە يەتكۈزۈلۈشى قاتارلىقلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقى بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى يوق. شەرقىي تۈركىستانلىقلار بۇ ئالاقىلەرنى ئۆزلىرىنىڭ مۇستەقىللىقىغا قىلىنغان ۋاستىلىك ياردەم دەپ بىلمەكتە، ھەتتا خىتاي

ھۆكۈمىتىمۇ شۇنداق دەپ قارىماقتا ۋە بۇ ياردەملەرنى شەرقىي تۈركىستاننى خىتايدىن ئايرىۋېتىش مانېۋىرى دەپ چۈشەنمەكتە. تۈركىيە گەرچە شەرقىي تۈركىستان خەلقى بىلەن ھەم قانداش ھەم دىنداش بولسىمۇ، شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىدە پەقەت خەلقنىڭ (يەنى ئۇيغۇرلارنىڭ) تەقدىرىگىلا كۆڭۈل بۆلمەكتە. شۇڭا، ئەنقەرە ھۆكۈمىتى ھەرقاچان خىتاينىڭ ئېگىمەنلىكى ۋە زېمىن پۈتۈنلۈكىگە ھۆرمەت بىلدۈرىدىغانلىقىنى تەكىتلەپ كەلمەكتە.

مانا بۇ جەريان ۋە ئۇقۇم مەسىلىلىرى شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنىڭ كېلەچىكى ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرنى قىيىنلاشتۇرماقتا. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇيغۇر مەسىلىسى بىلەن شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنىڭ بىر-بىرىگە ئارىلىشىپ كېتىشى ۋە «شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ نىشانى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىنسانىي ھەق-ھوقۇقلىرىنى قوغداشمۇ ياكى شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈشمۇ؟» دېگەندەك مەسىلىلەرمۇ شەرقىي تۈركىستاننىڭ كېلەچىكىنى بىقارار قىلىپ قويماقتا. چەتئەللەردىكى شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرىنىڭ ھەممىسى مۇستەقىللىق تەلەپ قىلماقتا، شەرقىي تۈركىستاننىڭ كېلەچىكى ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرمۇ مۇشۇ تەلەپنى چۆرىدىگەن ھالدا قىلىنماقتا. ئەمما مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن نۇرغۇن شەرت-شارائىت ۋە كۈچ مەنبەسىگە تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ. ھەممىدىن مۇھىمى، بۇ شارائىت ۋە كۈچلەردىن توغرا پايدىلىنىش ئارقىلىق نىشانغا يېتىشنى بىلىش كېرەك.

## SWOT ئانالىز مېتودى

SWOT ئىنگلىزچە Strengths (كۈچلۈك نۇقتىلار)، Weaknesses (ئاجىز نۇقتىلار)، Opportunities (پۇرسەتلەر) ۋە Threats (تەھدىتلەر)دىن ئىبارەت تۆت كەلىمىنىڭ باش ھەرپلىرىدىن شەكىللەنگەن بىر رەھبەرلىك

سىستېمىسىنىڭ ئىسمى.

● بۇ مېتودنىڭ ئىجادچىسى فرانسىسكو ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسور دوكتورى Heinz Weihrich دۇر.

● SWOT ئانالىزى—مەلۇم بىر ئورگاننىڭ، تېخنىكىنىڭ، جەرياننىڭ، ئەھۋالنىڭ ياكى شەخسنىڭ كۈچلۈك (Strengths) ۋە ئاجىز (Weaknesses) نۇقتىلىرىنى ئېنىقلاش ۋە تاشقى مەنبەلەردىن كېلىدىغان پۇرسەتلەر (Opportunities) ۋە تەھدىتلەر (Threats) نى بايقاش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان تېخنىكا.

● SWOT ئانالىزىنىڭ مەقسىتى ئىچكى ۋە تاشقى ئامىللارنى كۆزدە تۇتقان ھالدا، مەۋجۇت كۈچلۈك نۇقتىلىرى ۋە پۇرسەتلەردىن ئەڭ ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، تەھدىت ۋە ئاجىز نۇقتىلىرىنىڭ تەسىرىنى ئەڭ تۆۋەن دەرىجىگە چۈشۈرۈش ئۈچۈن پىلان ۋە ئىستراتېگىيە تۈزۈش.

● SWOT ئانالىزى — دىققەت ئېتىبارىنى كۈچلۈك نۇقتىلار ۋە چوڭ پۇرسەتلەر كۈتۈپ ياتقان ساھەلەرگە مەركەزلەشتۈرۈپلا قالماي، ئاجىز نۇقتىلىرى ۋە كەلگۈسى تەھدىتلەرنىمۇ كۆرۈپ يېتىشكە ياردەمچى بولالايدۇ.

● ئەمما ھەرقانداق تېئورىيە ۋە مېتودتا بولغىنىدەك، SWOT ئانالىز مېتودىنىڭمۇ نۇقسانلىرى بار.

## تۆت تۈرلۈك ئىستراتېگىيىلىك يۆلىنىش مودېلى

SWOT ئانالىز مېتودى ئومۇمەن ئىچكى ئەھۋالنى ئانالىز قىلىدىغانSW بىلەن تاشقى ئامىلنى ئانالىز قىلىدىغانOT دىن ئىبارەت ئىككى قىسىمدىن تەشكىل تاپىدۇ. بۇ مېتود ئارقىلىق ئۆزىگە پايدىلىق ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئەرزىيدىغان نۇقتىلار ياكى ئۆزىگە زىيانلىق ۋە ساقلىنىشقا تېگىشلىك نۇقتىلارنى چۆرىدىگەن ھالدا (يىغىپ) مەسىلىلەر تېپىپ چىقىلىپ، بۇلارنى ھەل قىلىش ۋە كېلەچەككە قاراپ ئالغا ئىلگىرىلەش يوللىرى ئۈستىدە مۇلاھىزە

يۈرگۈزۈلىدۇ. SWOT ئانالىز مېتودىنىڭ تۆۋەندىكىدەك تۆت تۈرلۈك ئىستراتېگىيىلىك يۆلىنىش مودېلىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ:

| SO ئىستراتېگىيىسى | WO ئىستراتېگىيىسى | ST ئىستراتېگىيىسى | WT ئىستراتېگىيىسى |
| --- | --- | --- | --- |
| كۈچلۈك نۇقتىلار +پۇرسەتلەر | ئاجىز نۇقتىلار +پۇرسەتلەر | كۈچلۈك نۇقتىلار +تەھدىتلەر | ئاجىز نۇقتىلار +تەھدىتلەر |
| بۇ، ئەڭ غايىۋى ئىستراتېگىيىلىك تاللاش بولۇپ، ئۆزىنىڭ كۈچلۈك نۇقتىلىرى بىلەن تاشقى پۇرسەتلەرنى بىرلەشتۈرۈش نەتىجىسىدە ھەر دائىم مۇۋەپپەقىيەت قازانغىلى بولىدۇ. | ئىستراتېگىيىلىك مەنبەسىنى مۇۋاپىق ئىشلىتىشى، تاشقى پۇرسەتلەردىن ئەڭ ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئاجىز نۇقتىلىرىنى ھەل قىلىشى لازىم. ئەمما بەزىدە ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقى تۈپەيلىدىن تاشقى پۇرسەتلەردىن پايدىلىنالماسلىقى ياكى پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويۇشى مۇمكىن. | ئىستراتېگىيىلىك مەنبەسىنى كۆپ خىللاشتۇرۇشى لازىم. ئۆزىنىڭ كۈچلۈك نۇقتىلىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، تاشقى تەھدىتلەردىن ساقلىنىشقا تىرىشىشى كېرەك. بۇ ئەھۋالدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن قالتىس دانا رەھبەرگە موھتاج بولىدۇ. | بۇ، ئەڭ ئاجىز قوغدىنىش ئىستراتېگىيىسى بولۇپ، ھەم ئۆزىنىڭ ئاجىز نۇقتىلىرىنى ھەل قىلىشى ھەم تاشقى تەھدىتلەردىن ساقلىنىشى لازىم. بۇ قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن پەۋقۇلئاددە ئەھۋال ۋە كىشىلەرگە موھتاج بولىدۇ. |

## 1. SWOT ئانالىز مېتودىغا كۆرە شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئەھۋالى

شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ كۈچلۈك ۋە ئاجىز نۇقتىلىرى بىلەن (قولىدىكى) پۇرسەتلەر ۋە (كۆز ئالدىدىكى) تەھدىتلەر ھەققىدىكى خۇلاسىلەرنى SWOT ئانالىز مېتودىغا سېلىش ئارقىلىق مەلۇم نىسبەتتە بولسىمۇ نەتىجىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

**1) شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ كۈچلۈك نۇقتا (تەرەپ) لىرى:**

(1) شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقىغا بولغان كۈچلۈك ئىرادىسى ۋە ئىشتىياقى. شەرقىي تۈركىستانلىقلار 1884 ـ يىلىدىن بېرى نۇرغۇن بەدەل تۆلىشىگە قارىماي، مۇستەقىللىق يولىدا تېز پۇكمەي كۈرەش قىلىپ كەلدى. ھەتتا 1933 ـ 1934 ۋە 1944 ـ 1949 ـ يىللىرى ئارىسىدا قىسقا مۇددەتلىك بولسىمۇ مۇستەقىل جۇمھۇرىيەت قۇردى.

(2) شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىستراتېگىيىلىك ئورنى. شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىستراتېگىيىلىك ئەھمىيىتىنى كۆزدە تۇتقان ھالدا شۇنداق خۇلاسە چىقىرىشقا بولىدۇكى، شەرقىي تۈركىستاندا مەيدانغا كەلگەن بارلىق توقۇنۇش ۋە ئۇرۇشلار ئۆز ۋاقتىدىكى خەلقئارالىق سىياسىي ۋە ئىستراتېگىيىلىك تاسادىپىي ئۆزگىرىشلەر بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بۇنىڭدىن كېيىن شەرقىي تۈركىستاندا مەيدانغا كېلىدىغان ئۆزگىرىشلەرنىڭمۇ خەلقئارالىق ئىستراتېگىيىلىك مۇۋازىنەتكە چېتىشلىق بولىدىغانلىقىدا ھېچقانداق شۈبھە يوق. تارىختا خىتاي دۆلىتى ئۈچۈن كۆۋرۈك ۋە چېگرا لىنىيىسى رولىنى ئۆتەپ كەلگەن شەرقىي تۈركىستان، ھېلىمۇ ھەم ھەربىي مۇداپىئە، ئىجتىمائىي بىخەتەرلىك، ئىقتىسادىي تەرەققىيات، نېفىت، تەبىئىي گاز ۋە باشقا يەر ئۈستى ۋە يەر ئاستى بايلىقلىرى قاتارلىق جەھەتلەردە ئۆزىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك ھالىتىنى ساقلاپ كەلمەكتە. شەرقىي تۈركىستاننىڭ بۇ ئىستراتېگىيىلىك ئەۋزەللىكى خىتاي ئۈچۈن قانچىلىك مۇھىم بولسا، خىتاينىڭ رەقىبى ياكى دۈشمەنلىرى ئۈچۈنمۇ شۇنداق مۇھىم. خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ «ئەۋرىشىم ئاشقازىنى» ھېسابلىنىدىغان بۇ رايوندا مەيدانغا كېلىدىغان ھەرقانداق مۇقىمسىزلىق خىتاينىڭ كېلەچىكىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدۇ. شەرقىي تۈركىستاننىڭ خىتاي مىللىي مەنپەئىتىنى (نەپسىنى) قاندۇرۇش، بولۇپمۇ خىتاينىڭ دۆلەت مۇداپىئەسى، دۆلەت تەرەققىياتى ۋە ئاخىرىدا دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ دۆلەت بولۇشىدا ھەل قىلغۇچ رول ئويناۋاتقانلىقى ھەممىگە ئايان [5].

(3) شەرقىي تۈركىستاننىڭ گېئوپولىتىكىلىق ئورنى. ئاسىيا قىتئەسىنىڭ

قاق ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان، خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ غەربىي شىمال قىسمىنى تەشكىل قىلىدىغان ۋە 1.68 مىليون كىۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان يەر ئۆلچىمى بىلەن خىتاي زېمىنىنىڭ ئالتىدىن بىرىگە تەڭ كېلىدىغان شەرقىي تۈركىستان رايونى گەنسۇ ئۆلكىسى، چىڭخەي ئۆلكىسى، موڭغۇلىيە، رۇسىيە، قازاقىستان، قىرغىزىستان، تاجىكىستان، ئافغانىستان، پاكىستان، ھىندىستان ۋە تىبەت قاتارلىق دۆلەت ۋە رايونلار بىلەن چېگرىلىنىپ تۇرىدۇ.

شەرقىي تۈركىستاننىڭ چەت دۆلەتلەر بىلەن بولغان چېگرا ئۇزۇنلۇقى خىتاينىڭ ئومۇمىي چېگرا ئۇزۇنلۇقىنىڭ تۆتتىن بىرىنى تەشكىل قىلىدۇ. شۇڭا شەرقىي تۈركىستان خىتاي دۆلىتىنىڭ ئەڭ كۆپ دۆلەت بىلەن چېگرىداش رايونى ھېسابلىنىدۇ. شەرقىي تۈركىستاننىڭ شىمالىدا ئالتاي تاغلىرى، ئوتتۇرىدا تەڭرى تېغى، جەنۇبىدا كۇئېنلۇن تېغى بار بولۇپ، بۇ ئۈچ تاغ پامىر تاغ تىزمىسىدا كېسىشىپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ شىمال، غەرب ۋە غەربىي جەنۇب تەرەپلىرىدىكى تەبىئىي توسالغۇسىنى ۋە 13 ئىستراتېگىيىلىك ئۆتكىلىنى شەكىللەندۈرىدۇ. بۇ ئىستراتېگىيىلىك ئەۋزەللىكى شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇداپىئە ۋە ھۇجۇم قابىلىيىتىنى ئاشۇرماقتا. مۇشۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، شەرقىي تۈركىستاننى ئىگىلىۋالغان خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغىمۇ ھاكىم بولالىغىنىدەك، شەرقىي تۈركىستاننى ئىگىلىگەن ھەرقانداق بىر دۆلەت شەرقىي تەرىپى يالىڭاچلىنىپ قالغان خىتاينىڭ بىخەتەرلىكىگە تەھدىت سالالايدۇ. شەرقىي تۈركىستان تارىختا خىتاي ئۈچۈن ئۆتكەل ۋە مۇداپىئە رايونى دەپ قارالمىغان ئىدى. تاڭ سۇلالىسى گېنېرالى گاۋ شيەنجىڭ ۋە مانجۇ ئىمپېراتورلۇقى گېنېرالى جاۋ خۈي ئوتتۇرا ئاسىياغا قىلغان سەپەرلىرىدە شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىدىكى تاغنى كېسىپ ئۆتكەن ۋە ئۇ ئەتراپىنى كونتروللۇقى ئاستىغا كىرگۈزۈۋالغانىدى. چىڭگىزخان بولسا، شەرقىي تۈركىستاننىڭ شىمالىدىكى تاغنى ھالقىپ ئۆتۈپ، بۇ رايوننى ئىستېلا قىلدى.

شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلغان ۋە شىنجاڭ ئىدارە رايونىنىڭ ئۇلىنى سالغان مانجۇ ئىمپېراتورلۇقى گېنېرالى زو زۇڭتاڭ شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلىشنىڭ ئەھمىيىتىنى مۇنداق بايان قىلغان: «شىنجاڭغا ھاكىم بولۇش دېمەك، موڭغۇلىيىنى قوغداپ قېلىش دېمەكتۇر؛ موڭغۇلىيىگە ھاكىم

بولۇش دېمەك، پايتەختنى قوغداپ قېلىش دېمەكتۇر. غەربىي شىمالىي رايون (ختاي ئۆچۈن) خۇددى بىلەك بىلەن بارماقلارغا ئوخشاش بىر تۇتاش مۇداپىئە لىنىيىسىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئەگەر شىنجاڭ قولدىن كەتسە، موڭغۇلىيىنىڭ بىخەتەرلىكى تەھدىتكە ئۇچرايدۇ... ئۇ چاغدا، ختاي دۆلىتىنىڭ بەخىرامان ئۇخلىيالىغۇدەك كۆنلىرىمۇ قالمايدۇ»[6]. دەرۋەقە، ختاي تارىخىغا قارايدىغان بولساق، ختاي ھاكىمىيىتى شەرقىي تۈركىستاننى بېسىۋالغان ۋاقىتلاردا كۈچلۈك دۆلەتكە ئايلانسا، شەرقىي تۈركىستاننى قولدىن چىقىرىپ قويغان ۋاقىتلاردا بەكمۇ زەئىپ ھالغا چۈشۈپ قالغان. ختاي ھاكىمىيىتى شەرقىي تۈركىستاننى قولدىن چىقىرىپ قويسا، ئۆزىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىن ئوتتۇرا شەرققىچە سوزۇلغان رايونلاردىكى تەسىرىنى يوقىتىپ قويۇش بىلەنلا قالماي، يات كۈچلەرنىڭ بۇ رايوندىن ئۆزگە (يەنى ختايغا) قارىتىدىغان ئىستراتېگىيىلىك ھۇجۇمىغا شارائىت ھازىرلاپ بېرىدۇ[7].

(4) شەرقىي تۈركىستاننىڭ تۈرك ۋە ئىسلام دۇنياسى بىلەن بولغان ئىرقىي ۋە دىنىي مۇناسىۋىتى. شەرقىي تۈركىستانغا قوشنا دۆلەتلەرنىڭ كۆپىنچىسى مۇسۇلمان ۋە تۈرك خەلق بولۇپ، بەزىلىرى بىلەن ئورتاق تارىخ ۋە ھازارەت سىستېمىسىغا كىرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، خەلقنىڭ بىر قىسمى چېگرانىڭ ئۇ تەرىپىدە ياشىماقتا، يەنى سىياسىي چېگرانىڭ ھەر ئىككىلا تەرىپىدە ئوخشاش خەلق بىللە ھايات كەچۈرمەكتە. شەرقىي تۈركىستاننىڭ سىياسىي باشقارمىسى بېيجىڭغا باغلىق بولسىمۇ، ئىرقىي مەنبەسى، تارىخ، ھازارەت، دىنىي ۋە مىللىي ئۆرپ-ئادەتلىرى جەھەتتە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقى بىلەن بىردەكلىككە ئىگە بولۇپ، ئارىلىرىدا «ئىچقويۇن-تاشقويۇن» مۇناسىۋەت بار. شۇڭا ئوتتۇرا ئاسىيادا ياكى شەرقىي تۈركىستاندا مەيدانغا كەلگەن ھەرقانداق ۋەقەنىڭ بىر-بىرىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەنلىكى كۆرۈلمەكتە. ئۇنىڭدىن سىرت، شەرقىي تۈركىستان ئىسلام دۇنياسىنىڭ بىر پارچىسى بولغاچقا، بۇ ئىككىسىمۇ ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىدۇ. مۇشۇ جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، شەرقىي تۈركىستان ختاينى ھەم ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىسلام

دۇنياسىغا باغلاپ تۇرىدىغان، ھەم ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىسلام دۇنياسىدىن ئايرىپ تۇرىدىغان ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنغا ئىگە. سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرلىششى بىلەن بىرلىكتە شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىرقىي ۋە دىنىي مەسىلىلىرىنىڭ ئېشىپ بېرىشى نەتىجىسىدە، پات ـ پات قوراللىق توقۇنۇش يۈز بېرىپ تۇرىدىغان بولدى. 11 ـ سېنتەبىردىن كېيىن، بۇ مەسىلىلەر تېخىمۇ ئۇلغايدى ۋە خىتاينى ھالقىپ ئۆتۈپ، خەلقئارالىق سىياسىي سەھنىگە چىقتى. يەنى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىرقىي، دىنىي، مۇھىتى ۋە ئىنسانىي ھەق ـ ھوقۇقلىرىغا ئوخشاش مەسىلىلىرى دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ دىققىتىنى تارتىشقا باشلىدى [8].

(5) شەرقىي تۈركىستاننىڭ گېئوئىقتىسادىي ئەھۋالى. شەرقىي تۈركىستاننىڭ پايدىلىنىشقا بولىدىغان تېرىقچىلىق، ئورمان ۋە بوزيەر كۆلىمى 68 مىليون گېكتار بولۇپ، خىتاي بويىچە بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. كىشى بېشى ئوتتۇرىچە كىرىم نىسبىتى خىتاينىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمىدىن ئىككى ھەسسە يۇقىرى. بۇ رايوندىن تېپىلغان كۆمۈر زاپاس مىقدارى 27 مىليارد توننا بولۇپ، خىتاي ئومۇمىي زاپىسىنىڭ %40نى تەشكىل قىلىدۇ ۋە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ. نېفت ۋە تەبىئىي گاز زاپاس مىقدارىمۇ 30 مىليارد توننا بولۇپ، خىتاي ئومۇمىي زاپاس مىقدارىنىڭ %35نى تەشكىل قىلىدۇ ۋە خىتاي بويىچە بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. شەرقىي تۈركىستاندا پاختا مەھسۇلاتى ئۇدا بىر نەچچە يىلدىن بېرى بىرىنچى ئورۇندا تۇرۇپ كەلمەكتە. خىتايلار پاختا بىلەن نېفتنى «ئاق ئالتۇن» ۋە «قارا ئالتۇن» دەپ ئاتىشىدۇ. شەرقىي تۈركىستان ئەينى ۋاقىتتا خىتاينىڭ نادىر مېتال ۋە ئىستراتېگىيىلىك خام ئەشيالىرىنىڭ مۇھىم ئىشلەپچىقىرىش بازىسى بولۇپ، بۇ بايلىق مەنبەلىرى خىتاينىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئىزچىللىقىنىڭ ئىشەنچ مەنبەسى ھېسابلىنىدۇ. ئۇندىن باشقا، خىتاي ھاكىمىيىتى «غەربنى گۈللەندۈرۈش پىلانى» نىڭ ئەڭ مۇھىم قىسمى بولغان شەرقىي تۈركىستاننى ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ جەلپ مەركىزىگە ئايلاندۇرۇشقا ئۇرۇنماقتا [9].

(6) 1949 ـ يىلىدىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان شەرقىي تۈركىستان

مەسىلىسى، 11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىن رەسمىي رەۋىشتە خەلقئارالىق مەسىلىگە ئايلاندى. غەرب دۆلەتلىرىنىڭ يېقىندىن كۆڭۈل بۆلۈشى سەۋەبى بىلەن خەلقئارالىق سىياسىي سەھنىلەردە «زەئىپ سىياسەت» يۈرگۈزۈلەيدىغان ھالغا كەلدى ۋە تەسىر دائىرىسى كۆنسېرى ئېشىپ بارماقتا.

**2) شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئاجىز نۇقتىلىرى:**

(1) شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ دۆلىتى بولمىغاچقا، بىر دۆلەتتە بولۇشقا تېگىشلىك بارلىق كۈچكە ئىگە ئەمەس.

(2) شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ ماددىي ئىمكانلىرى بەك قىس. ھەرقانداق بىر تەشكىلاتنىڭ ماددىي ئىمكانىيىتى بولماي تۇرۇپ غايىلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرالىشى تولىمۇ قىيىن.

(3) خەلقئارالىق سەۋىيىگە يەتكەن ۋە دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتالايدىغان قابىلىيەتلىك كىشىلىرى يوق. شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى دۇنيا سەھنىسىدىن ئورۇن ئالدى ۋە بىرمۇنچىلىغان دۆلەتنىڭ خىتاي بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە تەسىر كۆرسىتىشكە باشلىدى. شۇڭا شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى خەلقئارالىق سەۋىيىدىكى باشقا مەسىلىلەر بىلەن بىرلىكتە تەھلىل قىلىش كېرەك.

(4) شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرىنىڭ مۇستەقىللىق مۇجادىلىسى ئۈچۈن غايىۋى ۋە ئەمەلىي پروگراممىسى يوق. شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىق يولىنى بىرلا قەدەم بىلەن بېسىپ بولۇش مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا بۇ قىيىن ئۆتكەللەردىن ئىستراتېگىيىلىك قەدەملەر بىلەن بىر ـ بىرلەپ ئېشىش كېرەك.

(5) ئەڭ مۇھىمى شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرىنىڭ مۇستەقىللىق ئىدېئولوگىيىسى ۋە پەلسەپىسى يوق. شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىق ئىدېئولوگىيىسى ياكى پەلسەپىسى ئۇنىۋېرسال بولۇشى كېرەك.

(6) گەرچە شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرىنىڭ مۇستەقىللىق نىشانى

بىر بولسىمۇ، (مۇستەقىللىق) مېتودىدا پىكىر بىرلىكى يوق. ئۆز ئارىلىرىدا ھېلىغىچە كۈچ تەڭلىمىسى ۋە ماسلىشىپ ھەرىكەت قىلىش ئىستراتېگىيىسى شەكىللەندۈرەلمىدى.

**3) شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ پۇرسەتلىرى:**

(1) شەرقىي تۈركىستاننىڭ تارىخىي گېئوئىستراتېگىيىلىك ئەۋزەل ئورنى ھەر دەۋر چوڭ كۈچلىرىنى ئۆزىگە جەلپ قىلغىنىغا كۆرە، بۇندىن كېيىن ۋە كېلەچەكتىمۇ بۇ گېئوئىستراتېگىيىلىك ئەۋزەللىكىنى داۋاملاشتۇرۇش ئېھتىماللىقى يۇقىرى. شەرقىي تۈركىستاننىڭ گېئوئىستراتېگىيىلىك ئەھۋالى خىتاينىڭ كېلەچىكىگە تەسىر قىلىپلا قالماي، خىتايغا رەقىب كۈچلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلالىشىمۇ مۇمكىن.

(2) غەرب دۆلەتلىرى شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقىغا ياردەم قىلمىسىمۇ، شەرقىي تۈركىستاندا يۈز بېرىۋاتقان ئىنسان ھەقلىرى تراگېدىيىلىرى غەربنىڭ سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي قىممەت قاراشلىرىغا بىرىپ تاقالماقتا.

(3) ھوقۇقنى مەركەزگە مەركەزلەشتۈرگەن خىتاينىڭ يۈكسىلىشىمۇ بىر پۇرسەت ھېسابلىنىدۇ. دۇنيا دۆلەتلىرىنىڭ ئۈچتىن ئىككىسى دېموكراتىك سىستېمىغا ئۆتۈپ بولدى. ئەمما خىتاي باشچىلىقىدىكى ئۈچتىن بىر دۆلەت دېموكراتىك سىستېمىدىن تېخىچە ئۇزاق تۇرماقتا. خىتاينىڭ يۈكسىلىشى بىلەن بىرلىكتە بىرمۇنچىلىغان دۆلەت سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە بىخەتەرلىك ساھەلەردە تۇسالغۇغا دۇچ كېلىدۇ. شۇنىڭدەك خىتاينىڭ ھوقۇقنى مەركەزگە مەركەزلەشتۈرۈش سىستېمىسىمۇ شەرقىي تۈركىستان ۋە تىبەت مەسىلىلىرى سەۋەبىدىن تەنقىد ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. يەنى خىتاينىڭ يۈكسىلىشى بىلەن بىرلىكتە شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە چىقىدۇ.

**4) شەرقىي تۈركىستانلىقلارنى كۈتۈۋاتقان تەھدىتلەر:**

(1) ئەڭ چوڭ تەھدىت يۈكسىلىۋاتقان خىتاينىڭ خەلقئارادىكى

تەسىرىنىڭ كۈنسېرى ئېشىپ بېرىشى بولۇپ، بۇ تەسىر سەۋەبىدىن شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ خەلقئارادىكى پائالىيەت دائىرىسى تارلاپ كېتىشى مۇمكىن.

(2) خىتاينىڭ خەلقئارا جامائەتچىلىكنىڭ بېسىمى ئاستىدا قىسمەن بولسىمۇ دېمۇكراتلىششى. بولۇپمۇ، دېموكراتىك سايلام تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ قالسا، شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ مۇستەقىللىق غايىسى سۇغا چىلىشىدۇ. چۈنكى خىتاي نوپۇسىنىڭ كۆپىيىپ كېتىشى سەۋەبىدىن، شەرقىي تۈركىستاننىڭ نوپۇس ستاتىستىكىسى ئاستىن-ئۈستۈن بولۇپ كېتىۋاتماقتا. ئۇندىن باشقا، شەرقىي تۈركىستاننىڭ مەدەنىي قۇرۇلمىسى ئۇپرىماقتا ۋە كىملىك كرىزىسى كېلىپ چىقماقتا.

## SWOT ئانالىز مېتودىغا كۆرە شەرقىي تۈركىستاننىڭ كېلەچىكى




SWOT ئانالىز مېتودى شەرقىي تۈركىستاننىڭ كۈچلۈك-ئاجىز نۇقتىلىرى ۋە پۇرسەت-تەھدىتلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەن بىرگە، بۇ مېتودنىڭ تۆت تۈرلۈك ئىستراتېگىيىلىك يۆلىنىش مودېلىغا ئاساسەن شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىستراتېگىيىلىك يۆلىنىش تەرەپلىرى تېپىپ چىقىلىدۇ. شەرقىي

تۈركىستانلىقلار ئۈچۈن ئاجىز ئەمما پۇرسىتى بار بولغان WO ئىستراتېگىيىلىك يۆلىنىش مودېلى ئۈيغۇن كەلمەكتە. SWOT ئانالىز مېتودىغا كۆرە شەرقىي تۈركىستانلىقلار ئەڭ غايىۋى ئىستراتېگىيىلىك تاللاش ھېسابلىنىدىغان SO ئىستراتېگىيىلىك يۆلىنىش مودېلىغا ساھىب ئەمەس، شۇڭا شەرقىي تۈركىستانلىقلار مۇستەقىللىق ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى لازىم.

WO ئىستراتېگىيىلىك يۆلىنىش مودېلى شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ ئىستراتېگىيىلىك مەنبەلىرىنى مۇۋاپىق قوللىنىشى كېرەكلىكىنى ئىپادىلەپ بەرمەكتە. تاشقى پۇرسەتلەردىن ئەڭ ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئاجىز نۇقتىلىرىنى ھەل قىلىشى ـــ قىلمىسا بولمايدىغان ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقماقتا. بۇ كەمچىلىكلەر تولۇقلانمىغۇچە مەنپىي نەتىجىلەر كېلىپ چىقىۋېرىدۇ. يەنى شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقى ئاسان قولغا كەلمەيدۇ. مەزكۇر مودېلنىڭ ئەڭ مۇھىم ئاگاھلاندۇرۇشى شۇكى، شەرقىي تۈركىستانلىقلار ئاجىز نۇقتىلىرى تۈپەيلىدىن بەزىدە تاشقى پۇرسەتلەردىن پايدىلىنالماسلىقى ياكى پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويۇشى مۇمكىن. شۇنداق بولغاندا، شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ (پۇشايماندىن) ئېغىر ئازابقا قېلىش ئېھتىمالى بەكمۇ يۇقىرى. شۇنىڭ ئۈچۈن شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرى مەسىلىنى ھەر دائىم خەلقئارالىق كۈنتەرتىپكە كەلتۈرۈپ تۇرۇشى، تەشكىلاتلارنىڭ رەھبەر ۋە خىزمەتچى خادىملىرىنى ئىختىساسلاشتۇرۇشى، تەشكىلاتلارنى قۇرۇلمىلىق تۈسكە كىرگۈزۈشى شەرت. مانا مۇشۇ شەرتلەرنى ھازىرلىغاندىلا، دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ياردىمىگە ئېرىشكىلى ۋە شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن ھەسسە قوشقىلى بولىدۇ. ئەكسىچە بولغاندا، شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقى نىشانىدىن ۋاز كېچىشى ياكى نىشانىنى باسقۇچلارغا بۆلۈپ، مۇستەقىللىق نىشانىنى ئەڭ ئاخىرقى باسقۇچقا قويۇشى لازىم.

«ئەمما ئىنسان كېلەچىكىنىڭ يېرىمى تەلەيگە، قالغان يېرىمى شۇ

ئىنساننىڭ تىرىشچانلىقىغا باغلىق» [10]. نىكولو ماكىياۋېللى (1469 ـ 1527) نىڭ بۇ تېئورېمىسى ئىنساننىڭ ئۆز تىرىشچانلىقى ئارقىلىق كېلەچىكنى شەكىللەندۈرەلىشى مۇمكىن ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ بەرمەكتە. داڭلىق كەلگۈسىشۇناس ھېرمان كاھنمۇ (1922 ـ 1983) شۇنىڭغا ئوخشاش پىكىر بايان قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭغا كۆرە، ئىنسان ئۆز كەلگۈسىنى تەخمىن قىلالمىسىمۇ، يەنىلا كەلگۈسىنى تاللىيالايدۇ [11]. ئەسلىدە شەرقىي تۈركىستاننىڭ كېلەچىكىنىڭ شەكىللىنىش سەۋەبىنىڭ مەلۇم قىسمى يەنىلا شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ قولىدا. يەنى ئىنسانلارنىڭ بۈگۈنكى ئىش ـ پائالىيەتلىرى كېلەچەكنىڭ شەكىللىنىش سەۋەبى بولىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرى ۋە شەرقىي تۈركىستانلىقلار ئۆز ۋەتىنى ھەققىدە ئەتراپلىق مەلۇماتقا ئىگە بولۇشى ۋە خەلقئارادىن كېلىۋاتقان بارلىق ئامىللاردىن خەۋەردار بولۇپ تۇرۇشى لازىم. داڭلىق ئەسكىرىي ئىستراتېگىيە مۇتەخەسسىسى ئي. خوۋاردنىڭ ئېيتقىنىدەك، بۇ يەرگە نەدىن كېلىپ قالغانلىقىمىزنى بىلمەي تۇرۇپ، بۇنىدىن كېيىن نەگە بېرىش مەسىلىسىنى ئويلىماسلىقىمىز لازىم [12]. ئۆتمۈشتە ئۆتكۈزۈلگەن خاتالىقلارنىڭ بەدىلى بۈگۈن تۆلەنگىنىدەك، بۈگۈن ئۆتكۈزۈلگەن خاتالىقنىڭ بەدىلى ئەتە تۆلىنىدۇ. شۇنىڭدەك، بۈگۈن توغرا قىلىنغان ئىشلار ئەتە مۇكاپات بىلەن نەتىجىلىنىدۇ. شۇڭا كېلەچەكنى تېخمۇ ياخشى تەييارلاش ئۈچۈن يىراقنى كۆرەلەيدىغان بولۇشمۇ ئىنتايىن مۇھىم [13]. چۈنكى ئەڭ مۇھىم كۈچ ـ مېڭە كۈچىدۇر. ئەتراپلىق مەلۇماتلارغا ئاساسەن تۈزۈلگەن ئىستراتېگىيىلىك پىلاننىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئېھتىماللىقى ھەر دائىم يۇقىرى بولىدۇ. شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرى كۇنسېرى يۈكسىلىۋاتقان خىتايغا قارشى كۆپ تەييارلىق كۆرۈشى لازىم.

## پايدىلانغان مەنبەلەر:

[1]中国人民解放军第一野战军战史编审委员会编,《中国人民解放军第一野

战军文献选编》（第二册）, 北京: 解放军出版社, 2000:468－469;

شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلىش داۋامىدا رەئىس ماۋزېدوڭ بىلەن گېنېراللار ئارىسىدىكى تېلېگراف ئالاقىلىرى ئۈچۈن؛
《中国人民解放军第一野战军文献选编》（第二册）, 2000:482, 582－585, 587－590, 603－604, 613－614, 621－624, 629－635, 642, 647－648, 650－653, 655－656, 660－661.

[2]沈志华, 《毛泽东、斯大林与朝鲜战争》, 广州:广东人民出版社, 2003年, 页121－122; 李丹慧, 《北京与莫斯科: 从联盟走向对抗》, 广西师范大学出版社, 2002年, 页149.

[3]毛泽东,《建国以来毛泽东文稿》第1册(1949.9－1950.12),北京:中央文献出版社,1987年, 页83.

[4] ئەركىن ئەكرەم: «شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى ۋە تۈركىيە ـ خىتاي مۇناسىۋەتلىرى» Türkiye Günlüğü، 77 ـ سان (2004 ـ ياز)، 43 ـ ۋە 44 ـ بەتلەر.

[5] ئەركىن ئەكرەم: «شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى ۋە تۈركىيە ـ خىتاي مۇناسىۋەتلىرى» 39 ـ ۋە 40 ـ بەتلەر.

[6] 统筹 «新疆全局书» 1878。

[7] ئەركىن ئەكرەم: «شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى ۋە تۈركىيە ـ خىتاي مۇناسىۋەتلىرى» Türkiye Günlüğü، 77- سان (2004 ـ ياز)، 40 ـ بەت.

[8] ئەركىن ئەكرەم: «شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى ۋە تۈركىيە ـ خىتاي مۇناسىۋەتلىرى» 40 ـ ۋە 41 ـ بەتلەر.

[9] ئەركىن ئەكرەم: «شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى ۋە تۈركىيە ـ خىتاي مۇناسىۋەتلىرى» 41 ـ بەت.

[10] Niccolò Machiavelli, The Prince, Chapter XXV, forgotten Books, 2008: 94. Orijinal ifadesi ise: “I hold it to be true that fortune is the arbiter of one-half of our actions, but that she still leaves us to direct the other half, or perhaps a little less”.

[11] Herman Kahn and Arthur J. Weiner, The Year 2000: A Framework for Speculation on the Next Thirty-Three Years (New York: MacMillan Publishing Company, 1967). P. 2

[12] Michael Howard, “Reassurance and deterrence: Western defense in the 1980”, Foreign Affairs, Vol. 61, No. 2 (Winter 1982-1983), p. 309. Orijinal ifadesi ise: “There is little point in considering where we should be going if we do not first decide where we are starting from.”

[13] Herman Kahn, On Thermonuclear War. New Jersey: Princeton University Press, 1960:316; Herman Kahn, On Thermonuclear War. New Brunswick, NJ: Transaction Publishers, 2007: 576.

# مىللىي ئازادلىقنىڭ شەرتلىرى

ئەكرەم ھېزىمنىڭ «قۇتۇلۇش يولى» ناملىق ئەسىرىدىن ئېلىندى

مەن بۇ يەردە يالغۇز خەلقئارا ئۆلچەمدە بەلگىلىگەن شەرتلەرنىلا كۆزدە تۇتىمەن. خاتا ئاڭلىمىغان بولسام، بىر مىللەتنىڭ مۇستەقىل ياشاش ئارزۇسىنى قوبۇل كۆرۈش ئۈچۈن بەلگىلىگەن ئالدىنقى شەرتلەر، خەلقئارا ئۆلچەمدە: بىرىنچىسى، مىللەت پەرقى. ئىككىنچىسى، زېمىن پەرقى. ئۈچىنچىسى، تىل ۋە ئەن-ئەنە پەرقى ئىكەن. بۇ ھەقتە بۆگۈنگىچە پاكىتلىق بىر ماتېرىيالغا ئېرىشىپ باقمىدىم. ئەگەر، ئاساسى ئۆلچەم مۇشۇ بولسا، بۇ ئۆلچەم بىزگە ئاددىيلىق قىلىدۇ. يەنى بىز مۇستەقىللىق شەرتلىرىدىن تەبىئىي ھالدا ھالقىپ كەتكەن بولىمىز. ئەمما مۇشۇ شەرتلەر ئاساسىدىلا بىر مىللەتنىڭ مۇستەقىللىق ئارزۇسىغا ھۆرمەت قىلىدىغان دۇنيا ئادالىتى مەۋجۇت بولغان ئەمەس.

**ئازادلىقنىڭ بىزدە ھازىر بولغان شەرتلىرى مۇنۇلار:**

1) تىل پەرقى، 2) دىن پەرقى، 3) مىللەت پەرقى، 4) ئىرقىي پەرق، 5) زېمىن ئايرىمىسى، 6) ئۆرپ-ئادەت پەرقى، 7) تارىخ پەرقىدىن ئىبارەت. بۇ تىزىملىكنى تېخىمۇ ئۇزارتىش مۇمكىن ئەلۋەتتە. بىز ئەمدى ھەربىر تۈر ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتەيلى:

## 1.تىل پەرقى

تىل — مىللىي مەۋجۇتلۇقنىڭ كاپالىتى. خىتاي بىلەن ئۇيغۇر

ئارىسىدىكى تىل پەرقى تامامەن روشەن. خىتاي بىلەن ئۇيغۇرنى ئىككى قۇتۇپقا ئايرىپ تۇرغان تۈنجى ئاشكارا ئامىلمۇ تىلدىن ئىبارەت. خىتاي ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ ئاسسىمىلياتسىيە سىياسىتىدە بىرىنچى بولۇپ يوقىتىشنى نىشانغا ئالغان گەۋدىلىك پەرق ــ تىل پەرقىدىن ئىبارەت. مىللەتنى مىللەت سۈپىتىدە نامايان قىلىدىغان بۇ مۇھىم ئاساستىن ئايرىلمىغان مىللەت تارىختىن ئۆچۈرۈلمەيدۇ. مانجۇلارنىڭ غايىب بولۇشى، تۇڭگانلارنىڭ ئايرىم بىر مىللەتلىك سالاھىيىتى گەۋدىلەندۈرۈلمەي، دۇنيا تەرىپىدىن مۇسۇلمان خىتاي دەپ ئاتىلىشى تىل پەرقىگە ساھىب بولالمىغانلىقىنىڭ نەتىجىسى. يوقىلىش گىردابىغا يۈز تۇتقان ھەرقانداق بىر مىللەت ئالدى بىلەن تىلىنى يوقاتقان مىللەتتۇر.

دۇنيادا ئوخشاش بولمىغان 6700 خىل تىل ۋە شىۋە بار. شىۋە پەرقىنىڭ ئاسسىمىلياتسىيىگە تاقابىل تۇرۇش كۈچى زور ئەمەس. ئەمما تىل پەرقى ئايرىم بىر كۈچ. رۇس كوممۇنىزم رېجىمىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي مىللەتلىرى ئۈستىدىن قولغا كەلتۈرگەن بۈيۈك غەلىبىلىرىنىڭ بىرى، رۇس تىلى ئاسسىمىلياتسىيىسىنىڭ ئۈنۈم قازانغانلىقى ئىدى. بۈگۈنكە قەدەر رۇس تىلىنى ئانا تىللىرىدىن راۋان سۆزلەيدىغان تۈركىي مىللەتلەر مۇبادا يەنە يېرىم ئەسىرلىك مۇستەملىكىگە مەھكۇم بولغىنىدا، رۇس مىللىي ئاسسىمىلياتسىيىسىنىڭ دەسلەپكى شەرتلىرىگە تەسلىم بولغان بولار ئىدى. رۇس ئىمپېرىيالىزمىنىڭ ھالاكىتى ئۇلارنى بۇ پاجىئەدىن خالاس قىلدى. خىتاي ئىمپېرىئالىزمى كۈنىمىزدە بۇ قەدەمنى تولىمۇ دادىل ۋە تېز باسماقتا. دۆلەت ئاپپاراتلىرى ۋە ئالىي مەكتەپتىن تارتىپ يەسلى مائارىپ ساھەسىگىچە خىتاي دۆلەت تىلىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئارقىلىق، سابىق سوۋېتلار ئېتتىپاقى قولغا كەلتۈرەلمىگەن غەلىبىگە بەل باغلىماقتا. ئەمما تىل پەرقىدىكى ئاسمان-زېمىن ئۆزگىچىلىك، دىنىي ۋە مىللىي ئەقىدىمىزنىڭ چىڭلىقى تۈپەيلى ئانا تىلىنى ھاياتى كەبى ئەزىز كۆرۈپ ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇرلار ئۈستىدىن يۈرگۈزۈلگەن بۇ زۇلۇملار، خىتايغا ھازىرغىچە ئىجابىي بىر مېۋە نېسىپ ئەتمىگەن ئىدى. شۇ سەۋەبتىن خىتاي ھازىر ئاسسىمىلياتسىيە سىياسىتىنى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىگە

كۆتۈردى. تەبىئەت قانۇنلىرىغا، بىزنىڭ مىللىي غۇرۇرىمىزغا خىلاپ بولغان، ئىنسانىي ھوقۇقنى ئېغىر دەپسەندە قىلىدىغان بۇ ئۇرۇنۇشلىرىنىڭ قانداق نەتىجە بېرىدىغانلىقىنى خۇدا ئۆزى بىلىدۇ.

كۈنىمىزدە، خىتايلار ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختىن داۋاملىشىپ كەلگەن خىتاينى ۋە خىتاي تىلىنى پەس كۆرۈش ۋە ياقتۇرماسلىقتەك ئومۇمى مىللىي خاھىشنى ئۆزگەرتىش، ئاسسىمىلياتسىيىنىڭ دەسلەپكى ئاساسىغا ھۆل سېلىش ئۈچۈن، خىتاي تىلى بىلگەن، خىتاي مەكتەپلىرىدە ئوقۇغانلارنى ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىش تاكتىكىسىنى قوللانماقتا. جانباقار، ئەمەلخۇمار ئۇيغۇرلار پەرزەنتلىرىنىڭ «ئىستىقبالى» ئۈچۈن خىتاي مەكتەپلىرىگە ھەۋەس قىلماقتا. بۇ ھەۋەسنىڭ ئارقىدا ئۆز مىللىتىنىڭ يوقىلىشىنى راۋا كۆرۈش ئىدىيىسى مەۋجۇت بولمىسىمۇ، سەل قاراش بېپەرۋالىقى مەۋجۇت. بۇ بېپەرۋالىقنىڭ خىتاينىڭ ئاسسىمىلياتسىيە سىياسىتىگە ماسلاشقانلىق بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ كۆرۈشلىرى كېرەك. بۇ ئويغا ئېتىبارىنى بەرمىگەن ئۇيغۇرنى زىيالىي، ئالىم بولغان دەرىجىدىمۇ لەنەتكە مەھكۇم قىلىمىز.

## 2. دىن پەرقى

بۈگۈنكى ئۇيغۇرلارنى يۈز پىرسەنتلىك مۇسۇلمان مىللەت ھېسابلاشقا بولىدۇ. ئۇيغۇرلار ئىچىدە بۇددىستلار يوق. دىنسىزلار بىلەن يات دىندىكىلەر ساناققا توشمايدۇ. ئۇلارنىڭ مەۋجۇتلۇق شەكلى، تەسىرىمۇ كۆزگە چېلىقمايدۇ. خىتايلار بولسا ئاز ساندا بۇددىست، كۆپ ساندا دىنسىز مىللەت. دىنلىق مىللەت بىلەن دىنسىز مىللەتنىڭ ئاللانىڭ نەزىرىدىمۇ، ئىنسانىيەتنىڭ كۆز ئوڭىدىمۇ پەرقى بار.

ئەجدادلىرىمىزنىڭ مىڭ يىللار ئىلگىرىكى زامانلاردا كۆپ خىل دىنغا ئېتىقاد قىلغانلىقى ھەققىدە يېتەرلىك مەلۇماتلار بار. ئۇيغۇرلار 10-ئەسىردىن كېيىن ئىسلامنى قوبۇل قىلىپ، خىتاي مىللىتى بىلەن بولغان ئەڭ ئاخىرقى بىر ئورتاقلىق — دىنىي ئورتاقلىقتىنمۇ خالاس بولغان.

بەزى زىيالىيلارنىڭ «ئۇيغۇرلار ئىسلامنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، تەرەققىيات ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىن تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە چېكىنىش دەۋرىگە قەدەم قويدى» دېگەن قاراشلىرىنى، ئەجدادلىرىمىزنىڭ بۇددىزمغا ئېتىقاد قىلغان ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى كۆپ دىنلىق زامانلاردا قولغا كەلتۈرگەن ئالەمشۇمۇل مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى كۆرگەن ئىنسان ئاسان رەت قىلالمايدۇ. ئەمما، «ئۇيغۇرلارنىڭ بۈگۈنكىدەك بەختسىزلىككە چۈشۈپ قېلىشىغا ئىسلام دىنى سەۋەبچى بولغان» دېگەن قاراشلارنى قوبۇل قىلغىلى بولمايدۇ. بۇ قاراشنى ئالدى بىلەن جانابى ھەق قوبۇل قىلمايدۇ. ئىسلامنى ھەقىقىي مەنىسى بىلەن چۈشەنگەن مۇسۇلمان ئەسلا قوبۇل قىلمايدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ ھېچ بىر ئەھكاملىرىدا مۇستەملىكىنى قوبۇل قىلىش، خارلىقنى قوبۇل قىلىش، نادانلىقنى قوبۇل قىلىش، نامراتلىقنى قوبۇل قىلىش ھەققىدىكى چۈشەنچىلەرگە ئورۇن يوق. ئەكسىچە، ئازادلىقنى، تەرەققىياتنى، دېموكراتىيىنى، ئىنسانىي قەدىر-قىممەتنى، ھەر ئىككى دۇنيالىق ھاياتنى سۆيۈش ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن بەدەل تۆلەش ھەققىدىكى چاقىرىقلار بار. ئىسلام دىنىغا قارا چاپلاۋاتقان ئادەملەرنىڭ ھېچ بىرى، دىنىنىڭ قايسى بىر مەزمۇنىنىڭ بۇ بەختسىزلىكلەرگە سەۋەبچى بولۇپ قالغانلىقى ھەققىدە بۈگۈنگىچە پاكىت كۆرسىتىپ بېرەلىگىنى يوق. ئۇلار تىلغا ئالغان سوپىزم ۋە خۇراپاتلىقلارنىڭ زىيانلىرىغا ئىسلام دىنى ھامىي بولغان ئەمەس. مەزھەپ كۆرەشلىرى، خۇراپىي ئېقىملار زىددىيىتى يالغۇز ئىسلام دىنىدىلا مەۋجۇت ئەمەس. مەيلى يىراق ئۆتمۈشتە ياكى زامانىمىزدا بولسۇن، ھېچ بىر دىن بۇ خىل سەلبىي نەتىجىلەرنىڭ ئازارلىرىدىن خالىي بولغان ئەمەس. خرىستىئان دىنىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە.

خۇددى خرىستىئان دۇنياسىنىڭ بۈگۈنكىدەك روناق تاپقان زامانى بولغىنىدەك، ئىسلام دۇنياسىنىڭمۇ گۈللەنگەن زامانى بولغان. دىنىنىڭ بىر دۆلەت ۋە بىر مىللەت تەقدىرىدە ئوينايدىغان رولىنى ھېچكىم ئىنكار قىلالمايدۇ. بۇ رولنىڭ سەلبىي ياكى ئىجابىي ئۇنۇم كۆرسىتىشى شۇ مىللەت ۋە دۆلەتنىڭ ئىچكى ئامىلىغا باغلىق. مېنىڭ ئىچكى ئامىل دەپ كۆزدە تۇتقىنىم، مىللەتنىڭ

مەنىۋى جەھەتتىن يۈكسىلىشى ياكى چىرىكلىشىپ يىمىرىلىشىگە، دۆلەتنىڭ مۇنقەرز بولۇش ياكى گۈللىنىشىگە قارىتىلغان. بىز مۇسۇلمانلار دىننى توغرا دىن ۋە خاتا دىن دەپ ئايرىشتا تەنتەكلىك قىلمايمىز. بىز ھەق تائالا ياراتقان پۈتۈن دىنلارغا، ئۇ دىنلارنىڭ جانابى ھەق تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەن كىتابلىرىغا، تاللىغان پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان كەلتۈرىمىز. ئەمما بۇرمىلانغان قىسمىغا ئىتائەت قىلمايمىز.

ئاللاھ تائالا ئىسلام دىنىنى بىزنىڭ دىنىمىز قىلىپ تاللىغان ۋە ئۇنىڭ نۇرىنى قەلبىمىزگە سەپكەن كۈندىن باشلاپ، بىز ھىدايەت تاپقان مىللەتمىز. دىن نىقابىدا دۆلىتىمىزنى غۇلاتقان ئاق تاغلىق بىلەن قارا تاغلىق ماجىرالىرىنى، كۈنىمىزدە يەنە دىن نىقابى بىلەن ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان خۇراپاتلىقلارنى ئىسلام دەپ چۈشەنگەن ۋە بۇ چۈشەنچىسى بىلەن كاپىر بولغان، دىندىن ۋاز كەچكەنلەرنى ئىلغارلار، توغرا يولدىكىلەر قاتارىدا ساناشقا ئاساسىمىز يوق، ئۇلار مىللىيەتچى بولغان تەقدىردىمۇ. ھۆرمەتلىك ئېلىيوپ ئەپەندى دىنسىز ئىدى. ئەمما ۋەتىنىنى، مىللىتىنى ھەرقانداق ئادەمدىن زىيادە سۆيەتتى. ئۆمرىنىڭ يېرىمىدىن ئارتۇقىنى ئىستىقلال كۈرەشلىرىگە سەرپ ئەتتى. ئۇزۇن يىل تۈرمىدە ياتتى. لېكىن دىنىنىڭ ئۇيغۇرنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئۈچۈن قوشقان تۆھپىسىنى ئاخىرقى ھېسابتا ئېتىراپ قىلىپ ئۆلۈپ كەتتى. ئۇنىڭدەك كۆپىنى بىلىدىغان دىنسىز زىيالىيدىن ئۇيغۇرلار ئىچىدە يەنە بىرى يوق. 50 يىللىق قىزىل خىتاي رېجىمىنىڭ ئىسلام دىنىغا قىلغان ھاقارىتى ۋە زىيانكەشلىكىنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. «دىنىنى يوقاتساقلا، بۇ مىللەتنى يوقىتىش مەقسىتىگە يېتەلەيمىز» دەپ قارىغان ئىدى. مەسچىتلەرنى چوشقا قوتىنى قىلغان، دىن ئۆلىمالىرىنى چوشقا باقتۇرغان، نامازنى چەكلىگەن ۋە دىنىي تەلىم-تەربىيىنى بوغقان، دىنىي زاتلارنى قامىغان، ئۆلتۈرگەن ئىدى. مەقسىتىگە يېتەلمىدى. ھېلىمۇ ئوخشاش زۇلۇم داۋام ئېتىۋاتىدۇ. ئەمما دىن يوقالمىدى ۋە يوقالمايدۇ. ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ دىنى ئېتىقادى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مىللەت سۈپىتىدىكى بۈگۈنىنى كاپالەتكە ئىگە قىلغان ئەڭ بۈيۈك ھامىي بولدى. ئۆزلۈكسىز قارشىلىق ھەرىكەتلىرىگە

تۇتۇش. (2) كۆرۈنۈشتە مۇلايىم بولۇش — ئۆزىدىن كۈچلۈكلەرنىڭ چىشىغا تېگىپ قويماسلىق، كۈچلۈكلەر ئالدىدا ئىتائەتكار بولۇش. (3) سۈرلۈك بولۇش — ھەيۋەتلىك كۆرۈنۈپ ئۆزىدىن ئاجىز، چارىسىزلارغا ھەر قاچان ئۆز قۇدرىتىنى ھېس قىلدۇرۇپ تۇرۇش. (4) ۋەھشىي بولۇش — ئۆز مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن باشقىلارنىڭ قانچىلىك زىيان-زەخمەتكە يولۇقۇشى، ھەقسىزلىكلەرگە ئۇچراپ كېتىشى بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرماسلىق. (5) گاس، گاچا، قارىغۇ بولۇۋېلىش — نۆۋەتتى كەلگەندە پۈتۈن دۇنيا ئورنىدىن تۇرۇپ ئەيىبلىسىمۇ، لەنەت-نەپرەت ياغدۇرسىمۇ پىسەنت قىلماسلىق، گويا ھېچنېمە ئاڭلىمىغان، كۆرمىگەن قىياپەتتە بولۇۋېلىش. (6) بايلىقتىن ۋاز كەچمەسلىك — ھەرقانداق ۋاستىلەرگە مۇراجىئەت قىلىپ بايلىقنى قولغا كەلتۈرۈش، باشقىلارنىڭ ھەققىگە پەرۋا قىلماسلىق.» مانا بۇ خىتاينىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان، خىتايلار ئۆز ئېغىزى بىلەن جاكارلىغان ئىقرارنامە. بۇ تاكتىكىلار خىتاي ھاياتىدا ۋە خىتاي دۆلەت سىياسەتلىرىدە بۈگۈن كەم-كۈتىسىز ئىجرا قىلىنىپلا قالماي، تېخىمۇ شەرمەندە، ۋەھشىي، ئىنسانىيەتسىز تاكتىكىلار ئۇيغۇرلار ئۈستىدىكى دىكتاتورىدا تەتبىق قىلىنماقتا. شۇ تاپتا ھەرقانداق بىر ئۇيغۇردىن خىتاينىڭ تەبىئىتى ھەققىدە سوئال سورىسىڭىز، ھېچ ئىككىلەنمەيلا «پاسكىنا مىللەت، قانخور مىللەت، زالىم مىللەت، نەپسانىيەتچى مىللەت، چاكىنا مىللەت، ھىيلىگەر مىللەت...» دېگەندەك بىز تىلغا ئالمىغان نۇرغۇن ئىللەتلىرىنى مىساللىرى بىلەن كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ مىللەتكە ئاسان ئاسسىمىلياتسىيە بولماسلىقىدىكى سەۋەبلىرىنىڭ بىرىمۇ، تۇرمۇش ئۆرپ-ئادىتى ۋە روھىيەت قۇرۇلمىسى جەھەتتە خىتايلار بىلەن قىلچە ئورتاقلىقى بولمىغانلىقى، خىتايلاردىن چەكسىز يىرگىنىدىغانلىقى، نەپرەتلىنىدىغانلىقى، پەس كۆرىدىغانلىقى ئۈچۈندۇر. ئاسسىمىلياتسىيىنىڭ مۇھىم بىر شەرتى، نىكاھ ئارىلاشمىسىنىڭ ئۆرپ-ئادەت ۋە باشقا مىللىي، دىنىي ئايرىملار ئۈستىدىن غالىپ كېلىشىدىن ئىبارەت. ئۇيغۇرلارنىڭ ھاياتلىق مۇھىتىدا بولسا بۇنداق بىر ئېھتىماللىق مەۋجۇت ئەمەس. ئۇيغۇرلار قىرىلىپ تۈگەپ كېتىشى مۇمكىنكى، ئارىلىشىپ تۈگەپ كەتمەيدۇ. «قۇرۇپ كېتەر بەلكى تىنچ ئوكيان، قۇرىمايدۇ

ئۇيغۇرنىڭ نەسلى» دېگەن ناخشا شۇنىڭ ئۈچۈن يارالغان بولسا كېرەك. ئۇيغۇرلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش ئادەتلىرى بىلەن خىتايلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش ئادەتلىرى ھەققىدە سۆزلىمىسەممۇ، خىتاينى كۆرۈپ باققان ھەرقانداق ئۇيغۇر ئارىدىكى پەرقلەرنى بەش قولدەك بىلىدۇ. پۈتۈن سۆز-ھەرىكەتلىرىگە سۈنئىيلىك ئارىلاشقان بۇ مىللەتنى ئۆزىدىنمۇ ياخشى چۈشىنىدۇ.

دۇنيادا ئۆزىنىڭ كىملىكىنى بىلمەسلىكتىن ئۆتە نادانلىق بولمايدۇ. بىر مىللەتنىڭ تارىخى ــ بۇ تارىخقا پۈتۈلگەن ئالەمشۇمۇل تۆھپىلىرى، شاپ-شەرەپلىرى، ياشاپ ئۆتكەن بۈيۈك دەۋلەتلىرى، ياراتقان شانلىق كەشپىياتلىرى گەرچە ئۆتمۈشكە تەئەللۇق بولسىمۇ ۋە بۇ مىللەتنىڭ نۆۋەتتىكى دەردىگە دەرمان بولالمىسىمۇ، بەلكى تارتىۋاتقان كۈلپەتلىرىدىن، بەختسىزلىكلىرىدىن قۇتۇلۇشىغا رېئال ياردىمى تەگمىسىمۇ، بۇ مىللەتنىڭ مىللەت سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدا، ئىنسان ئەۋلادلىرىنىڭ روھى دۇنياسى مۇقەررەر تەقەززا بولىدىغان ئەسلى-ۋەسلىنى بىلىش ئېستىكىنى قانائەتلەندۈرۈشتە ئىككىنچى بىر نەرسە تارىخنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ، ئۆتمۈشىدىن پەخىرلىنىشتىن مەھرۇم بولغان مىللەت كېلىچەككە بولغان ئۈمىدىدىنمۇ مەھرۇم بولىدۇ، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ بۈگۈنكى كۈندە ئۆزىنى ئازاد قىلالماسلىقى، ۋەتەن-مىللىتىنى ئالدى بىلەن روھى دۇنياسىدا ئازاد قىلالماسلىقى تارىخ بىلمىگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى.

ئالىم ئابدۇشۈكۈر مەمتىمىننىڭ «ئۆز ئۆزىمىزنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن بىزگە ئىككى نەرسە كېرەك: بىرىنچىسى، تارىخى ئېھتىخار ۋە ئۇنىڭدىن تۇغۇلغان ئىشەنچ. ئىككىنچىسى، تارىخى خاراكتېرلىك نومۇس تۇيغۇسى ۋە ئۇنىڭدىن يارالغان جاسارەتتىن ئىبارەت. قۇتۇلۇش ئارزۇسىدىكى خەلقىمىز ئۈچۈن بۇ ئىككى روھى زىلزىلىنىڭ ھېچ بىرى كەم بولماسلىقى كېرەك. روشەنكى، ئېھتىخار تۇيغۇسى بولمىغان قەلبتە نومۇس ئېڭى بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ۋەھالەنكى، نومۇس ئېڭى ھەقىقىي ئىنسانىي ئېھتىخارنىڭ بىرىنچى ئېستىھكامىدىن باشقا نەرسە ئەمەس» دېگەن پىكرى ئورۇنلۇق.

تارىخىمىز ھەققىدىكى دەلىللەرنىڭ يېتەرسىزلىكى، مەۋجۇت دەلىللەرنىڭمۇ چۇۋالچاقلىقى، ئېنىقسىزلىقى، «ئۇيغۇرلار»، «شەرقىي تۈركىستان تارىخى» قاتارلىق ئۆز مىللىتىمىز ئالىملىرى تەرىپىدىن يېزىلغان ئەسەرلەرنىڭ چەكلەنگەنلىكى، خىتاي تارىخچىلىرى، چەتئەل تارىخچى ھەم ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى، ئارخېئولوگلىرى، مۇتەخەسسىسلىرى تەرىپىدىن يېزىلغان تارىخى مەنبەلىرىمىز ھەققىدىكى ئەسەرلەرنىڭ ۋە ئاساره-ئەتىقىلەرنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى ھەم ئەۋرىشكە سۈرەتلىرىنىڭ ئىلىكىمىزدە بولماسلىقى قاتارلىق مەسىلىلەر كىشىنىڭ ئىچىنى پۇشۇرىدۇ.

بۈگۈنكى كۈندە ۋەتەن ئازادلىقىغا بۈيۈك تۆھپىلەر قوشالايدىغان ئىنسانلىرىمىزنىڭ بىرى، ئۆز تارىخىدىن بەلگىلىك مەلۇماتى بولغان مىللەتچىلەر، ئىككىنچىسى، ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن قۇربان بېرىش شەرىپىگە بەل باغلىغان مۇجاھىدلار، بۇلار ئازادلىق كۈرىشىمىزنىڭ ھاياتى كۈچى. ھەم جىھاد تەربىيىسى، ھەم مىللەتچىلىك تەربىيىسىنى تەڭ قانات يايدۇرۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى مەۋجۇت. مىللەتچىلىكنىڭ ئېنېرگىيىسى تارىخ. جىھادچىلىقنىڭ ئېنېرگىيىسى قۇرئانى كەرىمنىڭ ھەق تەپسىرى. مىللىتىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى سەۋىيە پەرقى ھالىتىگە نىسبەتەن بۇ خىل قاراشنىڭ ئېتىبارى بار. 30 مىليون ئۇيغۇرنىڭ ھەممىسى ئۆزىنى مۇسۇلمان سانىسىمۇ ۋە نوپۇسىمىزنىڭ 80% تىن ئارتۇقراقى مۇسۇلماندارچىلىق قائىدىلىرىگە رىئايە قىلىپ ياشىسىمۇ، ھەقىقىي تەقۋادار مۇسۇلمانلار، ئۆز دىنىغا ئاڭلىق، سادىق ئېتىقاد قىلىدىغان مۆمىنلەر، ئىسلام دىنىنىڭ بۈيۈك ئەمرى بولغان جىھاد تەشەببۇسىغا جاسارەت بىلەن ئىتائەت قىلىدىغان مۇجاھىدلار كۆپ ئەمەس. شۇڭلاقتىمۇ، بۇ مۇسۇلمانلار توغرا تەربىيە ئاستىغا ئېلىنسا، ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن ۋەتەن، مىللەت ھۆررىيىتى يولىدا قۇربان بېرىشكە يارايدىغان ئاجايىپ جەسۇر قەھرىمانلار مەيدانغا كېلىدۇ. ئۇلار مۇقەددەس دىنىمىزنىڭ شەرىپى بولۇپلا قالماي، مىللەتنىڭ پەخرى، ئازادلىقىمىزنىڭ كاپالىتىدۇر. 80% لىك بۇ دائىرە بىز ئۈچۈن كۈرەش ماتېرىياللىرىنى تاللاش ئىمكانىمىز كەڭ بولغان بىر ساھە. قالغان 20% نى تەشكىل قىلغان زىيالىيلار، ئىشچى-خىزمەتچىلەر ۋە باشقا

ئۇرۇقلار ئىچىدىكى بىر بۆلەك يارامىلىق ئىنسانلار ئۇزۇن بىر مەزگىللىك ئاتېزىم تەشۋىقاتلىرىنىڭ تەسىرىدە گەرچە دىنىي ئەقىدىسى سۇسلىشىپ، مۇسۇلمانلىق سۈپىتى تۆۋەن بىر قاتلامغا مەنسۇپ بولسىمۇ، ئىلمىي قۇۋۋىتى، پىكىر ئۈستۈنلۈكى، مىللىيەتچىلىك نوپۇزى ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك قۇدرىتى بىلەن ئالاھىدە ئىمتىيازغا ئىگە. سانى ئاز، ساپاسى يۇقىرى بولغان بۇ كۈچ ۋەتەنىنىڭ مۇستەقىللىق كۈرىشى سېپىدىكى يەنە بىر ئاۋانگارت قوشۇن. ئۈستۈن مىللىيەتچىلىك روھىغا، كەسكىن ۋەتەنپەرۋەرلىك ساداقىتىگە ئىگە بۇ ئىنسانلارنىڭ رولى توغرا جارى قىلدۇرۇلسا، ئازادلىقىمىز ئۈمىدكە ۋەسلى بولاتتى. مىللەتنىڭ ئەسلى-ۋەسلىنى ئۆزىگە تونۇتۇش، مىللەتنىڭ مەنىۋى كېسەللىكلىرىنى داۋالاش، مىللەتنى ۋەتەن ئازادلىقى كۈرىشىگە سەپەرۋەر قىلىش ۋەزىپىلىرى كۆپىنچە ھالدا شۇلارنىڭ زىممىسىگە يۈكلەنگەن. ئىلمىي ئەمگەك ئورۇنلىرى، مائارىپ ساھەسى، دۈشمەنگە زەربە بېرىشنىڭ قۇلاي پۇرسەتلىرى مەۋجۇت بولغان خىتايىنىڭ مەمۇرى ۋە بەزى قانۇنى ساھەلىرىدە ئۇلارنىڭ بەلگىلىك ئورۇنلىرى بار.

بەختكە يارىشا، بېزىلەر تەرىپىدىن «دىنچىلار»، «مىللەتچىلەر» دەپ ئايرىلىۋاتقان بۇ ئىككى كۈچ ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ئەمەلىيەتتە قۇتۇپ ئايرىش دەرىجىسىدە روشەن ئەمەس. دىنچىلار ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ۋەتەنپەرۋەرلەر، مىللەتچىلەردۇر. مىللەتچىلەر ھەم مۇسۇلمان. دىنىي ئەھكاملارغا ساداقەت بىلەن بوي سۇنمىسىمۇ، ئۆز دىنىغا ھۆرمەت قىلىدۇ ۋە ئاللاھنى ئاگلىق تونۇيدۇ. بۇ ئىككى كۈچنىڭ پەرقىگە يەتكەن ھالدا، ھەر ئىككىسىنىڭ قىممىتىگە تەڭ ئېتىبار بېرىش، توغرا دىئاگنوز بىلەن بەزى ئىللەتلىرىنى داۋالاش ۋە ئازادلىق كۈرىشىنىڭ يادروسىلىق رولىنى ئۈنۈملۈك جارى قىلدۇرۇش ئارقىلىق نۆۋەتتىكى تۇرغۇن ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتىش مەقسىتىگە يېتىش بىزنىڭ غايىمىز.

بۇنىڭ ئۈچۈن «دىنچىلار» غا قۇرئانى كەرىمنى ئاگلىق ئۆزلەشتۈرگەن، كامىل ئېتىقادلىق، ئۆتكۈر پىكىرلىك، زۇۋانىدىراز دىن ئۇستازلىرى كېرەك بولسا، «مىللەتچىلەر» گە ھەم ئۆز تارىخىنى مۇكەممەل بىلگەن، ئۆز

مىللەتنى ھەقىقىي چۈشەنگەن، مۇستەھكەم مىللىيەتچىلىك روھىغا تويۇنغان ھۆرىيەتچى زىيالىيلار كېرەك. بۈگۈنكى زامان تارىخىمىزدا ياشاپ ئۆتكەن ئابلىز مەخسۇم، ئابلىكىم مەخسۇمھاجىم قاتارلىقلار ئالدىنقى ساھەگە تەئەللۇق سانالسا، تۇرغۇن ئالماس، نىزامىدىن ھۈسەيىنلەر كېيىنكى ساھەگە مەنسۇپ. بۈگۈنكى مىللىتىمىز مانا شۇنداق جەسۇر زاتلارغا موھتاج ئىدى.

بىز ئۇيغۇر مىللىتىنى مىللەت سۈپىتىدە ساقلاپ كەلگەن ۋە ئۇنىڭ ئاسان ئاسسىمىلياتسىيە بولمايدىغان بىر مىللەت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان، بۇ مىللەتنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرەلەيدىغان ئىمكانلىرىنىڭ يېتىپ ئاشقىچە ھازىرلىقىنى دەلىللەيدىغان نۇقتىلىق ئامىللاردىن تىل، دىن، ئۆرپ-ئادەت، مىللىي پەرق، تارىخىي ئاساسلار، ئىرقىي ئايرىمىلىق ۋە زېمىن ئالاھىدىلىكىمىز ھەققىدە قىسقىچە بولسىمۇ مىساللار كەلتۈرگەن بولدۇق. ئەمدى، بۇ مىللەتنىڭ مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئىمكانى بارمۇ-يوق؟ دېگەن مەسىلە توغرۇلۇق پىكىر يۈرگۈزىمىز.

# ئوش پاجىئەسى قىزىل ئىمپېرىيىنىڭ مىراسى

**دوكتور نەبىجان تۇرسۇن**

قىرغىزىستاننىڭ جەنۇبىدىكى ئوش ۋە جالال-ئاباد ئوبلاستلىرىدا يۈز بەرگەن ئىككى قېرىنداش خەلق ــ ئۆزبېكلەر بىلەن قىرغىزلار ئارىسىدىكى قانلىق ئېتنىك توقۇنۇش كىشىلەرنى مەزكۇر ۋەقەنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى تۈپ سەۋەبلەر ھەققىدە چوڭقۇر ئويلىنىشقا مەجبۇر قىلماي تۇرمايدۇ. ھازىرغىچە بۇ ھەقتە تۈرلۈك كۆز قاراشلار ۋە پەرەزلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسىمۇ، بىراق مەزكۇر ۋەقەنىڭ ئۈچىنچى كۈچلەرنىڭ سىياسىي ئويۇنىنىڭ نەتىجىسى ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرۈش ئاساسىي سالماقنى ئىگىلىدى. ھەتتا، ئۆزبېكىستان پرېزىدېنتى ئىسلام كەرىموف مەزكۇر ۋەقەنىڭ «ئېتنىك توقۇنۇش ئەمەسلىكى» نى كۆرسىتىپ، «بۇ ئۈچىنچى كۈچ تەرىپىدىن ئويۇشتۇرۇلغان» دەپ تەبىر بەردى. قىرغىزىستان ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى مىللىي بىخەتەرلىك ئورگىنى بولسا، مەخسۇس ئوش ۋەقەسىنى تەكشۈرۈش دوكلاتى ئېلان قىلىپ، كەرىموفنىڭ بۇ پىكرىنى كۈچكە ئىگە قىلىپ، ئوش ۋەقەسىنى ئۆزبېكىستان ئىسلام ھەرىكىتى قاتارلىق «ئىسلامىي تېرروررچى كۈچلەر» نىڭ ئاستىرتتىن سابىق پرېزىدېنت قۇرمانبەك باقىيېف ئائىلىسى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ پەيدا قىلغانلىقىنى دەلىللىدى.

يېقىندىن بۇيان ئوتتۇرا ئاسىيا مەتبۇئاتلىرىدا ئېتنىك توقۇنۇشقا پىلتا ياققۇچىلارنى ئىزدەپ تېپىش ۋە جازالاش پىكىرلىرى كۈچەيگەن بولۇپ، ئۆزبېكلەر ۋە قىرغىزلار ئىچىدىن بىر قىسىم كىشىلەر نەزەربەند ئاستىغا ئېلىنغان بولسىمۇ، بىراق ئوش ۋەقەسىنى خەلقئارالىق تەكشۈرۈش ئېلىپ

بېرىش تېخى ھەقىقىي يۇرۇشكىنى يوق. مەتبۇئاتلاردا يەنە ئوش ۋەقەسىدە پەقەت ئۆزبېكلەرنىڭلا ئۆلمگەنلىكى، بەلكى نۇرغۇن قىرغىزلارنىڭمۇ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ھەققىدە ئۇچۇرلار كۆپىيىشكە باشلىغان.

بىراق، دەلىللەشلەر ئوش ۋەقەسىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان «ئۈچىنچى كۈچ» زادى قايسى كۈچ دېگەن سوئالنى قانائەتكە ئىگە قىلالمىغان بولۇپ، بۇ سىرلار بەلكى مەخپىي تېپىشماقلار ئامبىرىغا كىرىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. ئەمما، شۇنى تەكىتلەش لازىمكى، تاشقى ئامىلنىڭ ۋە ياكى ئۈچىنچى بىر كۆرۈنمەس كۈچنىڭ مەۋجۇتلۇقىدا ۋە بۇ ۋەقەدە مەلۇم بىر تاشقى ئامىلنىڭ مۇھىم ئىكەنلىكىدە شەك يوق، لېكىن ئىچكى ئامىل ھامان ھەممىدىن مۇھىم. چۈنكى، ئەگەردە كۈچلۈك ئىچكى سەۋەب بولمىسا، تاشقى تەسىرلەرنىڭ ئۈنۈمى بولۇشى ناتايىن. ئوشتىكى مىللىي توقۇنۇشنى قانداق چۈشەندۈرۈشتىن قەتئىينەزەر بەرىبىر ئىككى مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنىڭ ئۆلۈشى، 400 مىڭغا يېقىن ئادەمنىڭ مۇساپىرلىق يولىغا مېڭىشى ۋە 100 مىڭ ئەتراپىدا ئادەمنىڭ ئۆز ماكانىنى تاشلاپ قوشنا دۆلەت تەۋەسىگە ئۆتۈپ، پاناھلىنىشقا مەجبۇر بولۇشى مەزكۇر توقۇنۇشنىڭ نەقەدەر كەڭ كۆلەملىك ۋە دەھشەتلىك بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ئاممىۋى ئاخبارات ۋاسىتىلىرىدە شاھىتلارنىڭ ئۇچۇرلىرى ئاساسىدا ئوشتىكى توقۇنۇشنىڭ قىرغىنچىلىق تۈسى ئالغانلىقى، ھەر خىل قوراللار بىلەن قوراللانغان قىرغىز ياشلىرىنىڭ ئۆزبېك مەھەللىرىگە كىرىپ ئۆزبېكلەرنى ئوققا تۇتقانلىقى، ئۆيلىرىنى كۆيدۈرگەنلىكى، ھەتتا كىچىك باللارغىچە ئۆلتۈرگەنلىكىدەك ۋەھشىيانە قىلمىشلارغا ئائىت مەلۇماتلار پەيدا بولدى. ھەتتا، توقۇنۇشقا قاتناشقان قىرغىز ياشلىرىنىڭ رۇسلارغا، ئۇ يەردە سودا قىلىۋاتقان خىتايلارغا ۋە باشقا مىللەتلەرگە چېقىلماستىن، بەلكى پەقەت ئۆزبېكلەرنىلا ھۇجۇم نىشانى قىلغانلىقى مەلۇم.

ئوشتىكى قىرغىنچىلىققا ئائىت سۈرەتلەردە «ئۆزبېكلەرگە ئۆلۈم»، «سارتلارغا ئۆلۈم» دېگەندەك خىتابلارنىڭ تاملارغا، ماشىنىلارغا چوڭ خەتلەر بىلەن يېزىلغانلىقى كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ. ئەلۋەتتە، پەرغانە

ۋادىسىدا ئۆزبېكلەر بىلەن قىرغىزلارنىڭ بۇ خىل شەكىلدىكى قانلىق توقۇنۇشى بىرىنچى قېتىم يۈز بەرگەن ئەمەس. بۇنداق توقۇنۇش تۇنجى قېتىم 1990 - يىلى ئوش ۋە ئۆزگەند رايونلىرىدا يۈز بېرىپ، خېلى كۆپ ساندا ئادەمنىڭ جېنىغا زامىن بولغان. بىراق، سابىق قىرغىزىستان پرېزىدېنتى ئەسقەر ئاقايېفنىڭ كۆرسىتىشىچە، ھازىرغىچە ئاشۇ ۋەقەدە ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ ھەقىقى سانى ھېچقاچان ئېنىقلاپ چىقىلمىغان. ئەنە شۇ ۋەقەنىڭمۇ كېيىنكى ۋاقىتلاردا مەلۇم كۆرۈنمەس كۈچلەر تەرىپىدىن سۇئىي رەۋىشتە كەلتۈرۈپ چىقىرىلغانلىقى، بۇ كۆرۈنمەس كۈچنىڭ مەخسۇس ئورگانلار ئىكەنلىكى پەرەز قىلىنغان بولسىمۇ، بىراق بۇ سىرنى تاكى ھازىرغىچە مۇستەقىل قىرغىزىستان ۋە ياكى ئۆزبېكىستاننىڭ ھېچقايسىسى ئېنىق ئوتتۇرىغا چىقارغىنى يوق.

مەيلى، قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، پەرغانە ۋادىسىنىڭ بىر قىسمى ھېسابلانغان بۇ جايدا قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە ئىككى قېتىم قانلىق ۋەقە كېلىپ چىقتى؟ ئالدىنقىسى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جان تالىشىۋاتقان پەيتىگە توغرا كەلگەن بولسا، كېيىنكىسى مەركىزىي ئاسىيا مۇستەقىل تۈركىي جۇمھۇرىيەتلەر مەيدانغا كەلگەن، جۈملىدىن قىرغىزىستاننىڭ مۇستەقىل دۆلەتچىلىك يولىغا ماڭغىنىغا 19 يىل بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا ھاكىمىيەت، ئىقتىسادىي كاپالەت ۋە دېموكراتىيە ئۈچۈن كۆرەشلەر ئەۋجى ئالغان، خەلق تۇرمۇشى ئەڭ كەمبەغەل بىر ھالغا چۈشۈپ، دۆلەتنىڭ ئىستىقبالى قايتىدىن مەۋھۇم ھالغا قالغان بىر پەيتكە توغرا كېلىپ، بۇرۇنقىغا قارىغاندا تېخىمۇ ئۇزۇن ۋاقىت سوزۇلغان، كەڭ دائىرىلىك ۋە تېخىمۇ دەھشەتلىك ھالدا تەكرارلاندى؟

تاجىكىستان، ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستان ۋە خىتاي كونتروللۇقىدىكى شەرقىي تۈركىستاندىن ئىبارەت تۆت دۆلەت تۇتاشقان پەرغانە ۋادىسى بۈگۈنكى كۈندە ئىسلامىي دىنىي ئېتىقاد ۋە دىنىي مەدەنىيەت سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەركىزىي ئاسىيا رايونىنىڭ باشقا جايلىرىغا نىسبەتەن كۈچلۈك ئالاھىدە بىر نۇقتا بولۇپ، 2005 - يىلىدىكى ئەنجان ۋەقەسىدىن كېيىن، ئۆزبېكىستاندىكى ھاكىمىيەتلەشتۈرۈلگەن قاتتىق قوللۇق تۈزۈمگە قارىغاندا، كۆپ دېموكراتىك

ئەركىن ھېسابلانغان قىرغىزىستاننىڭ ئوش رايونى ئۆزبېكىستانغا دېموكراتىك پىكىرلەرنىڭ تارقىلىدىغان بازىلىرىنىڭ بىرىگە ئايلانغان ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا ئەنجاندىكى باستۇرۇشتىن قاچقان كىشىلەر ئوش تەۋەسىگە قېچىپ ئۆتۈپ، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكەن ئىدى.

قىرغىزىستاندىكى، جۈملىدىن ئۆزبېكىستانغا قوشنا ئوش ۋە جالال-ئابادتىكى ئۆزبېكلەر قوشنا دۆلەتتىكىگە قارىغاندا، دېموكراتىك ھوقۇقلاردىن بەكرەك بەھرىمەن بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلار كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئوش رايونىدا ئۆزبېك تىلىنى رەسمىي سالاھىيەتكە ئېرىشتۈرۈش، ئۆزبېكلەرنىڭ ئۆز ئانا تىلىدا دەرسلىك چىقىرىش ۋە مائارىپ تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش ھەمدە ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدا مەلۇم نىسبەتتە خىزمەت قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشىش يوللىرىدا بىر قىسىم پائالىيەتلەرنى ئېلىپ باردى ھەمدە بۇ ھەقتىكى ئۆز قاراشلىرىنى ئەركىن ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى.

ئۆزبېكلەرنىڭ چۈشىنىشى بويىچە ئالغاندا، ئۇلار ئوش ۋە جالال-ئاباد رايونلىرىدا قەدىمدىن تارتىپلا ياشاپ كېلىۋاتقان كۆپ سانلىق خەلق بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ تىلى-مەدەنىيىتى ۋە ھوقۇقلىرىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش لازىم. بىراق، ئۆزبېكلەرنىڭ بۇ خىل تەلەپلىرى بىر قىسىم مىللەتچىلىك ھېسسىياتى كۈچلۈك قىرغىزلار ۋە قىرغىز زىيالىيلىرىنىڭ نارازىلىق رېئاكسىيىسىنى قوزغىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئوش ۋە جالال-ئابادتىن ئىبارەت بۇ تۇپراق قىرغىزلارنىڭ زېمىنى، زېمىننىڭ ئىگىسى بولغان قىرغىزلار كەمبەغەل ۋە ئۆي-ماكانسىز، ئەمما ئۆزبېكلەر ۋە باشقىلار ئۆي-ماكانلار ۋە بايلىقلارغا ئىگە، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئالدى بىلەن قىرغىزلارغا مەنسۇپ بولۇشى كېرەك .

بۇ خىل كۆز قاراشنىڭ يېقىنقى ۋاقىتلاردا توقماقتا ۋە بىشكەك يېنىدىكى مايوفكا يېزىلىرىدا يۈز بەرگەن ئېتنىك خاراكتېرنى ئالغان توقۇنۇشلاردىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقانلىقى مەلۇم. لېكىن، ئوش ۋەقەسى خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئارىلىشىشىنى قوزغىغان مەركىزىي ئاسىيا رايونىدىكى بىر قېتىملىق ئەڭ دەھشەتلىك ئېتنىك توقۇنۇش بولۇپ، بۇ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ

مەركىزىي ئاسىيا رايونىدىكى بۇ يېڭى جۇمھۇرىيەتلەرگە بىر قاتار مەسىلىلەر قاتارىدا، مۇرەككەپ ئېتنىك، چېگرا ھەم تۇپراق مەسىلىلىرىنى مىراس قىلىپ قالدۇرغانلىقى، بۇ مەسىلىلەرنىڭ ئۆز نۆۋىتى بىلەن قەدەم-قەدەم گەۋدىلىنىپ، بۇ دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى مۇناسىۋەتلىرىگە تەسىر كۆرسىتىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بەردى.

ئەگەردە، ئوش ۋەقەسىنى ئېتنىك قىرغىنچىلىق تۈسى ئالغان ھەقىقىي ئېتنىك توقۇنۇش دەپ ئېتىراپ قىلغاندا، ئېتنىك كېلىپ چىقىش ۋە تەرەققىيات مۇساپىلىرى، تىلى ۋە تۇرمۇش ئۆرپ-ئادەتلىرى ئۇنچىۋالا زور پەرقى ئىگە ئەمەس، دىنىي جەھەتتىن ئوخشاشلا ئىسلام دىنىنىڭ سۈننىي مەزھىپىگە مەنسۇپ، ئۆزبېكلەر بىلەن قىرغىزلار ئارىسىدىكى مۇنچىۋالا كۈچلۈك ئۆچمەنلىك ۋە زىددىيەت نەدىن كەلدى؟ دېگەن سوئال تۇغۇلۇشى تەبىئىي. مېنىڭچە، بۇنىڭ ئاساسلىقى ئۈچ خىل ئامىل بار بولۇپ، بۇلار تارىخىي، ئېتنو-سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي ئامىللاردىن ئىبارەت. تارىخىي ئامىل بىلەن ئېتنو-سىياسىي ئامىل ئارىسىدا باغلىنىش مەۋجۇت بولۇپ، بۇ ئىقتىسادىي ئامىلغا تەسىر كۆرسەتكەن. ئەگەردە يۇقىرىقى ئىككى ئامىل بولمىغان بولسا، بەلكى نوقۇل ئىقتىسادىي ئامىلنىڭ مۇنچىۋالا دەھشەتكە سەۋەب بولۇشى ناتايىن. شۇڭا مەن بۇ يەردە ئىقتىسادىي ئامىلغا قارىغاندا، تارىخىي ۋە ئېتنو-سىياسىي ئامىلنى ئاساسلىق دەپ ھېسابلايمەن. چۈنكى، تارىخى تەرەققىيات جەريانىدا شەكىللەنگەن سىياسىي تۈزۈم قىرغىزلار بىلەن ئۆزبېكلەرنىڭ ئارىسىنى بىر-بىرىدىن بارغانسېرى يىراقلاشتۇرۇپ، ئۇلاردىكى ئايرىم ئېتنىك كىملىك، دۆلەت ۋە تۇپراق كىملىكى ھەمدە مەدەنىيەت كىملىكىنى شەكىللەندۈردى ۋە بارغانسېرى كۈچەيتىۋەتكەن ئىدى. تارىخىي جەريانىدا كېلىپ چىققان ۋە ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىلگەن مانا بۇ كىملىك تۇيغۇلىرى توقۇنۇشنىڭ تۈپ سەۋەبلىرىدىن ئىبارەت خالاس .

تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ سابىق دۆلەت ئىشلىرى مىنىستىرى، تۈركىستان مەسىلىسى تەتقىقاتچىسى، پروفېسسور ئەخمەت ئەندىجانىمۇ ئوش ۋەقەسىنىڭ ئەڭ مۇھىم سەۋەبلىرىنىڭ بىرىنىڭ تارىخىي سەۋەب ئىكەنلىكىنى

كۆرسىتىدۇ. بۇ يەردە ئېيتىلغان تارىخىي سەۋەبمۇ ئوخشاشلا سۇئىئىي رەۋىشتە پەيدا قىلىنغان مىللىي كىملىك بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر.

بۇ خىل كىملىك تۇيغۇسى سوۋېت ئىتتىپاقى تەرىپىدىن 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن ئېتىبارەن سۇئىئىي رەۋىشتە پەيدا قىلىنغان بولۇپ، بۇنىڭ مەركىزىي ئاسىيا رايونىدا ئەسلىدىن مەۋجۇت بولغان «تۈركىستان» دىن ئىبارەت تۇپراق تەۋەلىك كىملىكى بىلەن «تۈرك» ياكى «مۇسۇلمان» دىن ئىبارەت ئېتنو-مەدەنىيەت كىملىكى چۈشەنچىلىرىنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە خىلاپ بولغانلىقىنى ھېس قىلىش مۇمكىن .

## 1. تارىخىي كەچمىشلەردىن ئەسلىمە

تارىخنى ئەسلەش، بۈگۈنى چۈشىنىشكە ياردەم بېرىدۇ. ئۆتمۈش ۋە بۈگۈن ئەتىنىڭ باشلىنىشىدىن ئىبارەت.

ئەگەردە، 20-ئەسىرنىڭ بېشىدا مەركىزىي ئاسىيادىكى تۈركىي مۇسۇلمان سىياسىيونلىرى ۋە مىللەتپەرۋەرلىرىنىڭ ئورتاق تۈركىستان سىياسىي كىملىكىنى تىكلەش غايىسى ئەمەلگە ئاشقان بولسا، بىر ئەسىرگە يېقىن ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىنكى مەدەنىيەت تەرەققىي قىلغان، ئاڭ-ساپا ئۆسكەن بۇ كۈنلەردە دەھشەتلىك ئوش ۋەقەسى، ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا ئوتتۇرا ئەسىر جاھالەت دەۋرىگە مەنسۇپ، ياۋايىلىق تۈسىنى ئالغان قانلىق قىرغىنچىلىق، باسقۇنچىلىق ۋە شەھەر مەھەللىلىرىنى كۆيدۈرۈۋېتىشتەك ۋەھشىيلىكلەر يۈز بەرمىگەن بولار ئىدى. تىلى، دىنىي ئېتىقادى، مەدەنىيىتى ۋە تارىخىي مۇساپىلىرى ئوخشاش بولغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر يىلتىزدىن ئاپىرىدە بولغان، تۇغقان خەلقنىڭ مۇنداق بىر-بىرىگە ئەشەددىي ئۆچمەنلىك قىلىشى، كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى سۇئىئىي ئامىللار تەرىپىدىن كەلتۈرۈپ چىقىرىلغان بولۇپ، بۇ ئۇزاق مۇساپىلىك پىلانلاش ۋە ئىستراتېگىيىلەرنىڭ يەكۈنىدىن ئىبارەت. ئوش قەتلىئامى بىر تەرەپتىن ئورتاق تۈركىستان غايىسىنىڭ ماتەم-مۇراسىمىنىڭ داۋامى بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئورتاق

تۈركىستان غايىسىنى يوقاتقان سوۋېت ئىمپېرىيىسىنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن كېسەل مىكروپىنىڭ قايتىدىن ئۆز كۈچىنى كۆرسىتىشىدۇر.

مەركىزىي ئاسىيانىڭ ئەڭ مۇنبەت، ئەڭ باياشات، ئۇزاق ئەسىرلىك مەدەنىيەت ۋە دۆلەتچىلىك ئەنئەنىسىگە ئىگە بىر پارچىسى ھېسابلىنىدىغان پەرغانە ۋادىسى تارىختىن بېرى باكتېرىيە خانىدانلىقى، كېيىنكى كۆك تۈركلەر ئىمپېرىيىسى، سامانىيلار ۋە قاراخانىيلار سۇلالىسى، ئۇنىڭدىن كېيىن چاغاتاي خانلىقى شۇنىڭدەك كېيىنكى ۋاقىتلاردا تىمۇرىلار ھەم ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىق دەۋرلىرىنى باشتىن كەچۈرۈپ، 18 ـ ئەسىرگە كەلگەندە قوقان شەھىرىنى پايتەخت قىلغان قوقان خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولدى. ئىككى ئەسىر ۋاقىت سەلتەنەت سۈرگەن قوقان خانلىقى( 1709 ـ 1876) 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە مەركىزىي ئاسىيادىكى ئەڭ قۇدرەتلىك دۆلەتكە ئايلانغان بولۇپ، مەزكۇر دۆلەت پۈتۈن غەربىي تۈركىستاننى بىرلىككە كەلتۈردى.

قوقان خانلىقىنىڭ كېڭىيىش ۋە تۈركىي قەبىلىلەر تۇپراقلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش كۈرەشلىرى جەريانىدا ئۇرۇشلار يۈز بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن غەربىي تۈركىستاننىڭ مۇتلەق كۆپ قىسىم ئولتۇراق ھەم كۆچمەن تۈركىي ئاھالىلىرى چوڭ قارشىلىق قىلماستىن بۇ خانىدانلىققا بەيئەت قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇ تىمۇرىلاردىن كېيىن ئەڭ ئۇزۇن مەۋجۇت بولغان خانىدانلىققا ئايلىنالىدى. قوقان خانلىقىنىڭ چەگرىلىرىنى ھازىرقى غەربىي تۈركىستاننىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، جەنۇب تەرەپتە قەشقەرىيىگىمۇ بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتكەن، بولۇپمۇ بۇ زېمىننى بېسىۋالغان مانجۇ ـ چىڭ سۇلالىسىگە ھەر خىل بېسىملارنى كۆرسىتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە قەشقەرىيىدە ئېلىپ بېرىلغان مۇستەقىللىق قوزغىلاڭلىرىغا ئارقا سەپلىك رولىنى ئوينىغان ئىدى .

قەدىمكى ۋە ئوتتۇرا ئەسىرلەردىن تارتىپ ئېتنو ـ مەدەنىيەت ۋە دىنىي جەھەتتە بىر ـ بىرى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق ھەتتا ئورتاقلىققا ئىگە بولۇپ كەلگەن غەربىي تۈركىستان 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە رەسمىي

تۇردە سىياسىي جەھەتتىن پارچىلىنىش ۋە ئېتنو ـ مەدەنىيەت جەھەتتىن ئايرىلىشقا قاراپ يۈزلەندۈرۈلگەن بولۇپ، بۇ چار رۇسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ مەزكۇر تۇپراقلارغا قەدەم بېسىشىدىن باشلانغان ئىدى. مەلۇمكى، 15 ـ ئەسىردە كىچىككىنە موسكۋا ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان موسكۋا كىنەزلىكى، 16 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە ئىۋان گروزنىي دەۋرىدە ئەتراپقا كېڭىيىشكە قاراپ يۈزلەندى. موسكۋا دۆلىتىنىڭ بىرىنچى نىشانى ئالدى بىلەن تۈركىي خەلقلەرنىڭ قازان(1438 ـ 1152)، قىرىم (1141 ـ 1783)ۋە ئاستراخان(1459 ـ 1556) خانلىقلىرىنى يوقىتىپ، ئالتۇن ئوردا ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى خانلىقلار ئارقىلىق سلاۋيانلارنى ئۇزۇن ئەسىر قۇل قىلغان تۈركىي ـ تاتارلارنى يوق قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى. ئىۋان گروزنىي 1552 ـ يىلى 150 مىڭ كىشىلىك زور قوشۇنى بىلەن قازان شەھىرىنى كۆيدۈرۈپ، ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئەڭ دەھشەتلىك قىرغىنچىلىق ئارقىلىق قازان خانلىقىنى يوق قىلدى ۋە ئارقىدىنلا 1556 ـ يىلى ئاستراخانا خانلىقىنى مۇنقەرز قىلدى. ئەمما، قازان ۋە ئاستراخاننىڭ ئوسمانلى ئىمپېرىيىسى بىلەن ئىتتىپاقداش بولمىغانلىق خاتالىقلىرىنى سادىر قىلماي، ئەكسىچە ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىگە تەۋە بولۇشنى قوبۇل قىلغان قىرىم خانلىقى بولسا، ئىۋان گروزنىينىڭ ھۇجۇملىرىنى تارمار كەلتۈرۈپلا قالماستىن بەلكى، موسكۋاغا ھۇجۇم قوزغاپ، موسكۋا شەھىرىنى كۆيدۈرۈپ تاشلاپ، رۇسلارنىڭ قازاندا قىلغانلىرىغا جاۋاب بېرىش تارىخىنى ياراتتى. ئەمما، رۇسلار قازان ۋە ئاستراخاننى بويسۇندۇرغاندىن ۋە قىرىم خانلىقى ئاجىزلاشقاندىن كېيىن كەڭ قىپچاق دالاسىغا ھەم تۈركىستان تۇپراقلىرىغا يول ئېچىشقا مۇۋەپپەق بولدى.

ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىگە تەڭ كېلەلمىگەن موسكۋا دۆلىتى غەرب ۋە جەنۇب تەرەپلەرگە ئۇرۇش قىلغاننىڭ ئورنىغا بىپايان سىبىرىيە ھەمدە مەركىزىي ئاسىياغا يۈرۈش قىلىپ، يېڭى زېمىنلارنى ئىگىلەش ئۈچۈن بۇ جايلار بىلەن تۈرلۈك ئالاقىلەرنى ھەمدە ئۇچۇر توپلاشنى باشلىغان بولسىمۇ، لېكىن سىبىرىيىدىن باشقا مەركىزىي ئاسىيا تۇپراقلىرىغا ئاسان قەدەم باسالمىدى. 18 ـ ئەسىرگە كەلگەندە پېتىر بىر ياۋروپالىقلاردىن ئۆگىنىش

ئىسلاھاتى قوزغاپ، ئەڭ كۈچلۈك دېڭىز پىلوتىغا ئىگە بولدى شۇنىڭدەك ئىلىم دەرگاھلىرىنى قۇرۇپ، رۇسلارنى ئورمانلاردىن ئېلىپ چىقىپ، ئۇلارنى قالاق تۇرمۇش ئۇسۇلىدىن ئۆزگەرتتى. پېتىر بىرىنىڭ ئىسلاھاتى رۇسلارنىڭ ئوسمانلى ئىمپېرىيىسى بىلە ئۇرۇش قىلىش سەۋىيىسىگە يەتكۈزۈپلا قالماستىن بەلكى مەركىزىي ئاسىيا تۇپراقلىرىغا يېقىنلىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قازاق يايلاقلىرىنى تامامەن ئىگىلىگەن رۇسلار 1865 ـ يىلىغا كەلگەندە تۈركمەن تۇپراقلىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، غەربىي تۈركىستاننىڭ ئەڭ ئاھالە زىچ، باي ۋە مەدەنىيەت بۆشۈكلىرىگە تەھدىت پەيدا قىلدى.

رۇسلار پېتىر بىر دەۋرىدىن كېيىن، بىر تەرەپتىن ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىگە تاقابىل تۇرۇش ۋە ئۇنى مەغلۇپ قىلىش غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، يەنە بىر تەرەپتىن مەركىزىي ئاسىيا ۋە سىبىرىيىدىكى تۈركىي قەبىلىلەرنى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن بۇ خەلقلەرنى ئۆگىنىش ھەم تەتقىق قىلىش شۇنىڭدەك ئۇلار ھەققىدىكى ئۇچۇرلارنى ئىگىلەشكە كىرىشكەن بولۇپ، 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە ئۇلار ئارىسىدىن تۈركىستاننىڭ تارىخى، سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ھاياتى، مەدەنىيىتى ھەمدە دۆلەت ۋە ھەربىي تۈزۈملىرىنى ياخشى چۈشەنگەن خادىملار ۋە ئالىملار يېتىشىپ چىقىشقا باشلىدى. ئۇلار تۈركىستاننىڭ جۇغراپىيىلىك دائىرىسىنى ئېنىق بىلگەن بولۇپ، شەرقشۇناس پوپ ياكىنىق بىچۈرىننىڭ 19 ـ ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدا ئوتتۇرىغا قويۇشىچە، تۈركىستان غەربتە ئوتراردىن تارتىپ، شەرقتە قۇمۇلغىچە بولغان كەڭ دائىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

رۇس مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ قارىشىچە، ئادەتتە تۈركىستاننىڭ رۇسىيە ئىشغالىيىتىدىكى قىسمى غەربىي تۈركىستان، مەنچىڭ ئىشغالىيىتىدىكى قىسمى شەرقىي تۈركىستان دەپ قارالغان بولۇپ، دەسلەپكى رۇس ئالىملىرى شەرقىي تۈركىستاننى شەرقىي تۈركىستان، خىتاي تۈركىستانى، قەشقەرىيە ۋە ياكى كىچىك بۇخارا دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتىغان بولسىمۇ، بىراق شەرقىي تۈركىستان ئاتالغۇسى باشتىن ئاخىرى رەسمىيلەشتۈرۈلۈپ ئىشلىتىلگەن ئىدى.

رۇسلار 1865 ـ يىلى، تاشكەنتنى ئىشغال قىلىپ، تۈركىستان گۇبېرناتورلۇقىنى تەسىس قىلىش ھەمدە ئارقىدىن 1876 ـ يىلى، قوقان شەھىرىنى ئىشغال قىلىپ، غەربىي تۈركىستان رايونىدا ئىككى ئەسىر ۋاقىت قۇدرەتلىك كۈچ سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان مەزكۇر خانلىقنى مۇنقەرز قىلىش بىلەن پۈتۈن غەربىي تۈركىستانغا نىسبەتەن بىر تۇتاش ھۆكۈمرانلىق ئورنىتىشنى پۈرسىتىگە ئېرىشتى. چار رۇسىيە مانا شۇ مەزگىلدە ياقۇپبەگ رەھبەرلىكىدىكى قەشقەرىيە دۆلىتىنى ئۆزىنىڭ تۈركىستاننى ئىگىلەش ئىستراتېگىيىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى ئەڭ زور توسۇق دەپ قارىغانلىقى ئۈچۈن، بىرىتانىيىنىڭ بۇ دۆلەتنىڭ مۇستەقىللىقىنى بىرلىكتە ئېتىراپ قىلىش ۋە ياكى بىتەرەپ دۆلەت سۈپىتىدە ساقلاپ قېلىش تەشەببۇسلىرىنى رەت قىلىپ، ئاستىرتتىن چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇنى يوق قىلىشىنى قوللىغان ئىدى. قوقاننىڭ ئىشغال قىلىنىشىدىن كېيىن، چار رۇسىيە قەدەم ـ قەدەم ئالاي تاغلىرىدىكى قىرغىزلارنى بويسۇندۇرۇپ، قەشقەرىيىنىڭ بوسۇغىسىغا يېتىپ كەلگەندە ياقۇپ بەگ كورلىدا زەھەرلىنىپ، زو زوڭتاڭ قوشۇنلىرى شىددەت بىلەن باستۇرۇپ كەلمەكتە ئىدى.

1878 ـ يىلى زو زوڭتاڭ قوشۇنلىرىنىڭ قەشقەرىيە دۆلىتىنى ئۈزۈل ـ كېسىل مۇنقەرز قىلغاندا، چار رۇسىيە بۇ قانلىق پاجىئەلەرنى كۆزىتىپ تۇرغان بولۇپ، ئۇ قەشقەرىيىگە كەلگەن رۇس رازۋېتچىكى ، گېنېرال كوروپاتكىننىڭ يەكۈنى بويىچە مەركىزىي ئاسىيادىكى «ئەڭ ئاخىرقى قۇدرەتلىك مۇسۇلمان دۆلىتى» نىڭ مۇنقەرز قىلىنىشى بىلەن شەرقىي تۈركىستان ئۇلۇغ بىرىتانىيە، مەنچىڭ ئىمپېرىيىسى ۋە چار رۇسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ بىر مەيدان كۈچ سىنىشىدىغان سەھنىسىگە ئايلانغان ئىدى. قوقان خانلىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پەرغانە ۋادىسى، جۈملىدىن غەربىي تۈركىستاننىڭ مۇنقەرز قىلىنىشى، ئەمەلىيەتتە شەرقىي تۈركىستاننىڭ تايانچ ۋە مەنىۋى كۈچتىن ئايرىلىپ قېلىشى ئىدى. مەنچىڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ 1884 ـ يىلىغا كەلگەندە بۇ جايدا چىڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ ئىچكىرى رايونلىرىدىكىگە ئوخشاش ئۆلكە تۈزۈمى بىلەن ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ئورنىتىشى بىر پۈتۈن تۈركىستاننىڭ رەسمىي

رەۋىشتە ئىككىگە بۆلۈنۈپ، ئىككى ئىمپېرىيىنىڭ سىياسىي خەرىتىسى كىرگۈزۈلۈشى ھېسابلىنىدۇ. چار رۇسىيە بىلەن مەنچىڭ ئىمپېرىيىسى ھەمدە ئۇلاردىن كېيىنكى ھۆكۈمەتلەر مەزكۇر تۇپراقلارنى ئەبەدىي ئۆز مۇستەملىكىسى سۈپىتىدە ساقلاش ئۈچۈن بىر-بىرى بىلەن ماسلاشقان ھالدا ئۆزئارا ئىستراتېگىيىلىك مۇناسىۋەتلەر ئورناتقان، بىر-بىرىنىڭ باشقۇرۇش ئۇسۇللىرى ۋە ئىقتىسادىي-ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي تاكتىكىلىرىنى ئۆگەنگەن ھەمدە بىر-بىرىدىن تەجرىبە-ساۋاقلار يەكۈنلىگەن ئىدى. ئەلۋەتتە، بۇلارنىڭ يەنە ئۆزگىچە بولغان باشقۇرۇشقا خاس مىللىي ئالاھىدىلىكى ۋە دۆلەتچىلىك ئالاھىدىلىكلىرىمۇ مەۋجۇت بولۇپ، رۇسلار قانداقلا بولمىسۇن، ئۆزلىرى بېسىۋالغان تۇپراقلارنىڭ ئەسلى نامىنى ئۆزگەرتمىدى. ئەنە شۇنىڭ مىسالى شۇكى، چار رۇسىيە ھۆكۈمىتى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئەسلى نامى بولغان تۈركىستان ئاتالغۇسىنى ئۆزگەرتمەستىن ئۇنى يەنىلا «تۈركىستان» دەپ ئاتىدى ۋە ئۆزىنىڭ ئىدارە قىلىش ئاپپاراتىنىڭ نامىنى «تۈركېستانسكوە گۇبېرناتورستۋو»، يەنى، تۈركىستان گۇبېرناتورلۇقى(ئۆلكىسى) دەپ ئاتىدى. كېيىن، يەنە «تۈركېستانسكىي كراي» يەنى تۈركىستان چېگرا ئۆلكىسى دېگەن نام بىلەن ئاتىدى. بۇ ئەمەلىيەتتە مەزكۇر زېمىننىڭ تۈركىي خەلقلەرنىڭ ۋەتىنى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىش ھېسابلىناتتى. بىراق، چىڭ ئىمپېرىيىسى بولسا، بۇنداق يول تۇتمىدى. شەرقىي تۈركىستاندىكى خەلقلەرنىڭ ئۆز زېمىنىنى ۋە ئۆزلىرىنى قانداق ئاتاشتىن قەتئىي نەزەر، بۇ زېمىننى خىتايچە «شىنجاڭ» دەپ ئاتىدى .

شەرقىي تۈركىستاننى ئۆلكە سىستېمىسى بويىچە ئىدارە قىلىش چىڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ رۇسلارنىڭ غەربىي تۈركىستاننى ئۆلكە شەكلىدە ئىدارە قىلىشىدىن ئالغان ئۆرنەكتۇر.

چار رۇسىيىنىڭ تۈركىستان گۇبېرناتورلۇقى تەخمىنەن 52 يىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرغاندىن كېيىن، 1917-يىلى سانكتپېتېربۇرگتا پارتلىغان بولشېۋىكلار ئىنقىلابى نەتىجىسى تارىخ سەھىپىسىدىن چۈشكەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ يەرنىڭ سىياسىي ۋە ئېتنىك مۇناسىۋەتلەر سەھنىسىدە يېڭى

ئۆزگىرىشلەر مەيدانغا كەلدى. چار رۇسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئاغدۇرۇلۇشى بىلەن رۇسىيىنىڭ مىللىي رايونلىرىدا بىرلىككە كەلگەن بىر دۆلەت تەركىبىدە قېلىش ياكى ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ ئىگىلىك ھوقۇقلۇق دۆلەت تۈزۈمگە مېڭىش يولىنى تاللاش مۇمكىنچىلىكى تۇغۇلدى. بىراق، پادىشاھلىق تۈزۈمنى ئاغدۇرۇپ ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغان ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت مىللەتلەرنىڭ مۇستەقىللىق يولىنى تاللىشىغا نىسبەتەن ناھايىتى ئېھتىياتچان ۋە چەكلەش پوزىتسىيىسى تۇتقان بولۇپ، بۇ ئەھۋال لېنىن رەھبەرلىكىدىكى كوممۇنىستلارغا پۇرسەت ياراتقان ئىدى. بولشېۋىكلار رۇسىيىنىڭ مىللىي رايونلىرىدىكى خەلقلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى بەلگىلەش ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىدىغانلىقىنى جاكارلىغان بولۇپ، لېنىن رۇسىيەدىكى مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ بىردىن بىر يولىنىڭ «مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزلىرى ھەل قىلىش» ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغان ھەمدە مەزكۇر مەسىلىنى ھەل قىلىشتا فېدېراتسىيىلىك تۈزۈمنىڭ كېرەك ئەمەسلىكىنى كۆرسەتكەن. ئۆكتەبىر ئىنقىلابى غەلىبە قىلىپ، كوممۇنىستلار ھاكىمىيەتنى ئىگىلىگەن دەسلەپكى ۋاقىتتا لېنىن مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزلىرى بەلگىلەش ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلىدىغانلىقىنى يەنە تەكىتلىدى شۇنىڭدەك 1917-يىلى نويابىردا ئېلان قىلىنغان بولشېۋىكلارنىڭ سىياسىي خىتابنامىسىدا رۇسىيەدىكى خەلقلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى بەلگىلەش ھوقۇقى، ھەتتا بۇ خەلقلەر خالىسا رۇسىيەدىن ئايرىلىش ۋە ئۆزلىرىنىڭ مۇستەقىل دۆلىتىنى قۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە ئىكەنلىكى جاكارلاندى. سوۋېت ھاكىمىيىتىنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلاردا ئۇزۇن مەزگىل چار رۇسىيە ھۆكۈمرانلىقىدا ياشىغان رۇس ئەمەس خەلقلەرنى ئۆز يېنىغا تارتىپ، ئۆزىنىڭ كۈچىنى ئۇلغايتىش ۋە شۇ ئارقىلىق ئىچكى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۆز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش مەقسىتىدە ئوتتۇرىغا قويغان بۇ تەشەببۇسلىرى كاۋكازىيە، ئىدىل-ئۇرال ۋە مەركىزىي ئاسىيادىكى خەلقلەرگە زور ئىلھام بولغان بولۇپ، چار رۇسىيە ئىمپېرىيىسى ۋەيران بولغان ھەمدە رۇسلارنىڭ سىياسىي قاتىلمىدا ئىدېئولوگىيىلىك بۆلۈنۈش كۈچەيگەن پۇرسەتتىن پايدىلانغان تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئىلغار زىيالىيلىرى رۇسىيەدىن ئايرىلىپ، مۇستەقىل ھاكىمىيەت قۇرۇش يولىغا ماڭدى. بۇ ۋاقىتتا ئىدىل-

ئۇرال، مەركىزىي ئاسىيادىكى تۈركىي زىيالىيلىرىنىڭ ئاساسلىق غايىسى بىرلىككە كەلگەن مۇسۇلمان تۈركىي جۇمھۇرىيىتى قۇرۇشتىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ خىل خاھىش مەيلى كوممۇنىستىك ئىدىيىگە مەنسۇپ زىيالىيلاردا بولسۇن ۋە ياكى تۈركچىلىك ئىدىيىسىگە تەۋە بولسۇن ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە ئورتاق ئىدى.

1917-يىلى، فېۋرالدا چار پادىشاھ ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن، چار پادىشاھنىڭ تۈركىستان ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتى ئەمەلدىن قېلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت تەسىس قىلىندى ۋە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇلدى. مەزكۇر ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنى پۈتۈنلەي رۇسلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ياۋروپا مىللەتلىرى ئىگىلىگەن بولۇپ، تۈركىستان مۇسۇلمانلىرى بۇنىڭ تەركىبىدىن ئورۇن ئالمىدى. 1917-يىلى، ئۆكتەبىردە لېنىن رەھبەرلىكىدىكى بولشېۋىكلار ئىنقىلابى غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، تاشكەنتتىكى كوممۇنىستلارمۇ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، سوۋېت ھاكىمىيىتى قۇردى. بۇ ۋاقىتتا تۈركىستاندا يەرلىك خەلقلەرنىڭ تۈرلۈك ئىجتىمائىي-سىياسىي تەشكىلاتلىرى بارلىققا كېلىشكە باشلىغان بولۇپ، تۈركىستاندا ئالدى بىلەن جەدىدلەرنىڭ «شوراي ئىسلامىيە» تەشكىلاتى قۇرۇلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا 3-ئايدا تاشكەنتتە «مۇسۇلمان ئەمگەكچىلىرى ئىتتىپاقى» دەپ ئاتالغان بىر تەشكىلات قۇرۇلدى. ئارقىدىنلا رۇس كوممۇنىستلىرىنىڭ تۈركىستان كومىسسارلىرى كېڭىشى قۇرۇلغان بولۇپ، رۇس شوۋىنىستىك ئىدىيىسى بىلەن قوراللانغان رۇس كوممۇنىستلىرىنىڭ مەزكۇر كېڭىشكە يەرلىك خەلقتىن بىرمۇ ئەزا قوبۇل قىلىنمىدى. ئۆكتەبىر ئىنقىلابى غەلىبە قىلىپ، ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي، تاشكەنتتە تۈركىستان ئۆلكىلىك مۇسۇلمانلارنىڭ 3-قېتىملىق قۇرۇلتىيى چاقىرىلىپ، تۈركىستانغا مۇختارىيەت تەلەپ قىلىش پىكىرلىرى مەيدانغا چۈشكەن بولسىمۇ، بىراق، كوممۇنىستلارنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا دۇچ كەلدى. خەلق كومىسسارلار كېڭىشى تۈركىستاننىڭ رۇسىيىدىن ئايرىلىشىغا ۋە ياكى تولۇق ئاپتونومىيە ئېلىشىغا ئەشەددىي قارشى چىققان بولۇپ، بۇ ئەمەلىيەتتە يەرلىك تۈركىي خەلقلەر بىلەن چار رۇسىيە دەۋرىدىن ئېتىبارەن بۇ يەرگە

كۆچۈپ كېلىپ ماكانلاشقان رۇسلارنىڭ ئارىسىدىكى ئىختىلاپنى ئەكس ئەتتۈرەتتى. تۈركىستان مىللەتپەرۋەرلىرى بىلەن رۇس كوممۇنىستلىرى ئارىسىدىكى تۈركىستاننىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك كۈرەش ئاخىرىدا مۇستاپا چوقاي باشلىق تۈركىستان مىللەتپەرۋەرلىرىنىڭ قوقاننى بازا قىلىپ، تۈركىستان مۇختارىيىتىنى جاكارلىشىغا ئېلىپ كەلدى .

بىراق، 1918 ـ يىلى، 3 ـ ئايدا تاشكەنتنى مەركەز قىلغان كوممۇنىستلار هۆكۈمىتى موسكۋانىڭ ياردىمى بىلەن تۈركىستان ئاپتونوم هۆكۈمىتىنى يوقاتقاندىن كېيىن، تۈركىستان ئاپتونوم جۇمهۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلاپ، سابىق چار رۇسىيىنىڭ تۈركىستان ئۆلكىسىنىڭ بارلىق زېمىنلىرىغا ئىگىدارچىلىق قىلدى.

بۇ ۋاقىتتا، يەنە ئوتتۇرا ئاسىيادا بۇخارا ئەمىرلىكى ئاغدۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا بۇخارا خەلق جۇمهۇرىيىتى، خىۋە خانلىقىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، خارەزم خەلق جۇمهۇرىيىتى قۇرۇلۇپ، مەركىزىي ئاسىيا رايونىدا ئۈچ ئايرىم دۆلەت مەيدانغا كەلدى. مەزكۇر ئۈچ جۇمهۇرىيەتنىڭ ئىچىدە تۈركىستان ئاپتونوم جۇمهۇرىيىتى تولۇق كوممۇنىستلار هۆكۈمرانلىقىدىكى جۇمهۇرىيەت بولۇپ، ئۇ ئۆزىنى موسكۋادىكى سوۋېت رۇسىيىسىنىڭ تەركىبىي قىسمى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغان بولسىمۇ، بىراق بۇخارا ۋە خارەزم خەلق جۇمهۇرىيەتلىرى تاكى 1924 ـ يىلىغىچە مۇستەقىل هاكىمىيەت سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇردى.

1922 ـ يىلى، لېنىن بىر قىسىم جۇمهۇرىيەتلەرنى بىرلەشتۈرۈپ سوۋېت ئىتتىپاقىنى قۇردى. ئارقىدىن ئۇ مەركىزىي ئاسىيا رايونىنى تولۇق ئىدارە ئاستىغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن، مەركىزىي ئاسىيادا مىللىي جۇمهۇرىيەتلەرنى بەرپا قىلىش ۋە مىللىي چېگرىلارنى ئايرىش سىياسىتى يۈرگۈزۈپ، 1924 ـ يىلىغا كەلگەندە مەركىزىي ئاسىيا رايونىدا ئۆزبېك، تۈركمەن، قارا قالپاق، قازاق، قىرغىز، تاجىك ۋە ئۇيغۇر قاتارلىق ئېتنىك تەركىبلەرنى ئايرىپ چىققاندىن كېيىن ئالدى بىلەن تۈركىستان ئاپتونوم جۇمهۇرىيىتى، ئارقىدىن بۇخارا خەلق جۇمهۇرىيىتى ۋە خارەزم خەلق جۇمهۇرىيەتلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۇنىڭ

تۇپراقلىرىدا ئۆزبېكىستان سوتسىيالىستىك ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتى، تۈركمەنىستان سوتسىيالىستىك ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتى ۋە ئۆزبېكىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتى تەركىبىدە تاجىكىستان ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتىنى قۇردى.

1925 - يىلى، قىرغىزلار ئۈچۈن قارا قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى قۇرۇپ، ئۇنى رۇسىيە سوتسىيالىستىك فېدېراتىپ جۇمھۇرىيىتىنىڭ تەركىبىگە قوشتى. بىراق، 1926 - يىلى، قارا قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ دەرىجىسى ئۆستۈرۈلۈپ، قىرغىز ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتىگە كۆتۈرۈلۈپ، ئەسلىدە قوقان خانلىقىنىڭ بىر پارچىسى ھېسابلانغان پەرغانە ۋادىسىدىكى ئوش ۋە جالال-ئاباد ئوبلاستلىرى قىرغىز ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتىگە قوشۇپ بېرىلدى.

ئۆزبېكىستان پايتەختى تاشكەنت شەھىرىگە يېقىن جايلار قازاقىستان ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتىگە تەۋە قىلىپ بېرىلدى. ئەمما، 1929 - يىلىغا كەلگەندە موسكۋا پۈتۈن تۈركىستاننى يەنە بىر قەدەم پارچىلاش ۋە ئۆزىنىڭ ئافغانىستاننى ئۆز ئىچىگە ئالغان جەنۇبىي ئاسىيا سىياسىي ئىستراتېگىيىسىنىڭ ئېھتىياجى نەتىجىسىدە تاجىكىستان ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتىنى ئۆزبېكىستاننىڭ كونتروللۇقى ئاستىدىن ئايرىپ چىقىپ، ئۇنى ئۆز ئالدىغا تاجىكىستان سوتسىيالىستىك ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتى قىلىپ قۇرۇپ چىقتى.

بىراق، موسكۋا يەنە ماھىرلىق بىلەن خەرىتە ئويۇنى ئويناپ، تاجىكلار مۇتلەق كۆپ سانلىقنى ئىگىلىگەن سەمەرقەند بىلەن بۇخارا شەھەرلىرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى زېمىنلارنى ئۆزبېكىستانغا، ئۆزبېكلەر كۆپ سانلىقنى ئىگىلىگەن خوجەنت قاتارلىق جايلارنى تاجىكىستانغا ئايرىپ بەردى.

ئوش بىلەن جالال- ئاباد شەھەرلىرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى دېھقانچىلىق رايونلىرىدا ئەزەلدىن ئولتۇراق ھاياتتىكى تۈركىي خەلقلەر، يەنى ئۆزبېكلەر ۋە ئۇيغۇرلار زور سانلىقنى ئىگىلىگەن ئىدى. قىرغىز قەبىلىلىرى بولسا، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى تاغلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ياشايتتى.

## 2.زېمىننى پارچىلاشتىن روھى پارچىلاشقا

سوۋېت رۇسىيىسىنىڭ مانا شۇنداق پارچىلاپ، ئوتتۇرا ئاسىيادا ھەر خىل ئايرىم تۈركىي خەلقلەر ۋە تۈركىي مىللىي جۇمھۇرىيەتلەر سىياسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئارقىلىق مەزكۇر رايوندا ئەزەلدىن ھۆكۈم سۈرۈپ كەلگەن ئورتاق «تۈرك» ، «مۇسۇلمان» مىللىي ۋە دىنىي كىملىكى ھەم «تۈركىستان» زېمىن كىملىك تۇيغۇسىنى ئاجىزلاتتى. نەتىجىدە يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ زېمىندا ئايرىم مىللەتچىلىك خاھىشلىرى باش كۆتۈرۈپ، 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا مەيدانغا چىققان «تۈركچىلىك» ۋە «ئورتاق تۈركىي جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇش خاھىشلىرىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىدى. سوۋېت رۇسىيىسى ئارقىدىنلا تۈركىستان كەلىمىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا «ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە قازاقىستان» دېگەن جۇغراپىيىۋى ئاتالغۇنى تىكلىدى. بىر تەرەپتىن پانتۈركىزمغا قارشى كۈرەشنى قىلىشنى كۈچەيتسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئايرىم مىللەتچىلىك ئىدىيىلىرىگە قارشى تۇرۇپ، ئورتاق «سوۋېت خەلقى» ئىدىيىسىنى تىكلىدى. رۇس شوۋىنىزمىنىڭ مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرى ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلىشى كاپالەتكە ئىگە قىلىنىپ، يەرلىك خەلقلەرگە قارىتا رۇسلاشتۇرۇش ئىستراتېگىيىسى يۈرگۈزۈلدى. نەتىجىدە، ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئۆز تارىخى ،ئۆزئارا ئېتنىك ۋە مەدەنىيەت باغلىنىشلىرىنى چۈشەنمەيدىغان ھەم بىلمەيدىغان ھالغا كېلىپ قالدى.

بىراق، سوۋېت ئىتتىپاقى يىمىرىلگەندىن كېيىن بولسا، ھەر قايسى مىللىي جۇمھۇرىيەتلەر مۇستەقىل بولۇپ، ئۆز ئالدىغا مىللىي كىملىك ۋە سىياسىي كىملىك تىكلەشكە ئەھمىيەت بېرىش جەريانىدا مىللەتچىلىك خاھىشلىرىنىڭ كۈچىيىشىگە يول قويدى. قەدىمكى ۋە ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى تۈركىي خەلقلەرگە ئورتاق بولغان مەدەنىيەت نامايەندىلىرى، سىياسىي ئەربابلارنى ئۆز ئالدىغا قىلىپ بېكىتىپ، ئۇلارنى مىللىي سىمۋوللارغا ئايلاندۇرۇش خاھىشلىرى ئەۋجى ئالدى. مائارىپ ساھەسىدە بولسا، بۇرۇنقى سوۋېت ئىدېئولوگىيىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ھەر قايسى

جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ ئۆزلىرىگە خاس بولغان ئوقۇتۇش پروگراممىلىرى تۈزۈلدى شۇنىڭدەك ھەر قايسى جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي ـ ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت تارىخلىرى ئايرىم تۈزۈلۈپ، مەكتەپلەردە ئوقۇتۇلدى. 20 يىللىق مۇستەقىللىق جەريانىدا يولغا قويۇلغان بۇ بىر قاتار ئايرىم مىللەتچىلىك تەربىيىلىرى ھەر قايسى تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدىكى پەرق ھەم ئايرىمچىلىق چۈشەنچىلىرىنى ئاشۇرۇشتا رول ئوينىدى.

جۇغراپىيىۋى سىياسەت جەھەتتە، ھەر قايسى ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرى بارغانسېرى بىر ـ بىرىدىن يىراقلىشىپ، ئۆزئارا چېگرالىرىنى ئېنىقلاش ھەمدە بېكىتىش ھەتتا تاقاشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، تارىختىن بۇيان چېگرا ئۇقۇمى بولمىغان بۇ خەلقلەر ئارىسىدا بۆلۈنۈش ھەم ئايرىلىشنى ئىشقا ئاشۇردى.

مىسالغا ئالساق، قىرغىزىستاننىڭ ئوش ۋە جالال ـ ئاباد ئوباستلىرىنىڭ تۇپراقلىرى ھەتتا ئېتىز ـ ئېرىقلىرى ئۆزبېكىستان بىلەن تۇتىشىپ كەتكەن بولۇپ، بۇ ئىككى جۇمھۇرىيەت ئارىسىنىڭ بەزى جايلىرىنى پەقەت كىچىك بىر ئېرىقلار ئايرىپ تۇراتتى. ئەسلىدىن بىر بولغان بىر مەھەللە ياكى بىر يېزا ئىككى جۇمھۇرىيەتكە ئايرىلىش ئەھۋاللىرى مەۋجۇت بولۇپ، تاكى سوۋېت ئىتتىپاقى يىمىرىلىپ مۇستەقىل جۇمھۇرىيەتلەر شەكىللەنگە قەدەر بىر ـ بىرىنىڭ قوي ـ كالىلىرى ئۆزئارا ئۆتۈپ كېتىش، ئۆزئارا ئەركىن بېرىپ ئېلىش ھېچقاچان چەكلىمىگە ئۇچرىمىغان، كۆپلىگەن ئائىلىلەر چېگرىنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئايرىلىپ ياشىغان.

مۇستەقىللىق ئىدىيىلىرىنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، بۇ دۆلەتلەر ئارىسىدىكى چېگرا ئۇقۇممۇ كۈچەيدى، ئەزەلدىن ئۆزئارا چېگرا تۇيغۇسى بولمىغان خەلقلەر ئارىسىدىكى باردى ـ كەلدىلەر قىسقىرىش ھەتتا كېسىلىشكە يۈزلەندى. ئۆزبېكىستان بىلەن تاجىكىستان، ئۆزبېكىستان بىلەن قىرغىزىستان، ئۆزبېكىستان بىلەن قازاقىستان ئارىسىدىكى چېگرىلاردا دائىم كىچىك كۆلەملىك توقۇنۇشلار، مىنا كۆمۈپ قويۇش بىلەن بىر ـ بىرىنىڭ چېگرا تەۋەلىكىگە ئۆتكەن ئادەملەر ۋە چارۋا ـ ماللار پارتلاپ ئۆلۈشتەك قىسمەتلەر

كېلىپ چىقتى. ھەتتا، بۇ دۆلەتلەر ئارىسىدا چېگرىلار تاقىلىش ۋە ياكى قاتتىق چەكلىمە قويۇش ئەھۋاللىرى نەتىجىسىدە كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا سودا ـ سېتىق قىلىش ۋە بېرىپ كېلىشلىرى چەكلىمىگە ئۇچرىدى .

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مەزكۇر ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت جەھەتتە بىر ـ بىرى بىلەن زىچ باغلىنىپ ياشىغان خەلقلەر ئەزەلدىن بىر ـ بىرىنىڭ ئېھتىياجىنى ئۆزئارا ھەل قىلىپ كەلگەن بولۇپ، دېھقانچىلىق قىلىدىغان ئولتۇراق ھاياتتىكى خەلقلەر مېۋە ـ چېۋە، كۆك ـ تات ۋە ئاشلىق قاتارلىق يېمەك ـ ئىچمەك ھەمدە قول ـ سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى قوشنا كۆچمەن ھاياتتىكى خەلقلەرگە يەتكۈزسە، چارۋىچى خەلقلەر گۆش، يۇڭ قاتارلىق ھەر خىل مەھسۇلاتلىرىنى ئولتۇراق ھاياتتىكى خەلقلەرگە يەتكۈزەتتى. بىراق، مەركىزىي ئاسىيادىكى لېنىن ۋە ستالىن سوئىيئي تۈزۈلمىسى تۇردە پەيدا قىلغان مەزكۇر زېمىن ۋە ئېتنىك پاسسىللىرى بۇ زېمىندىكى خەلقلەرنىڭ بۇ خىل ئۆزئارا باغلىنىشلىق مۇناسىۋەتلىرىنىڭ قەدەم ـ قەدەم بۇزۇلۇپ تاشلىنىشىغا ئاساس ياراتتى .

تولۇق پاكىتلار ئاساسىدا ئېيتىشقا بولىدۇكى، قىرغىزىستاننىڭ ئوش شەھرىدە يۈزبەرگەن 11 ـ 14 ـ ئىيۇندىكى ئېتنىك توقۇنۇش ئەنە شۇ 70 يىللىق سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مىللىي ئايرىمچىلىق سىياسىتى ۋە كېيىنكى 20 يىللىق مۇستەقىللىق دەۋرىدە قانات يايدۇرۇلغان ئايرىم مىللەتچىلىك ئىدىيىسىنىڭ نەتىجىسى خالاس.

ئەگەردە، 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تۈركىستاندىكى ھەر قايسى يەرلىك خەلق زىيالىيلىرى ئارىسىدا مەۋجۇت بولغان ئورتاق تۈركىستان قۇرۇش ئىدىيىسى ئەمەلگە ئاشقان بولسا، بۈگۈنكى بۇ خىل ئايرىمچىلىقلار بولمىغان بولار ئىدى. ھېچ بولمىغاندا، سوۋېت ئىتتىپاقى يىمرىلىپ، ھەر قايسى ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلەر مۇستەقىللىققە ئېرىشكەن دەسلەپكى يىللاردا باش كۆتۈرگەن ئورتاق تۈركچىلىك پىكىرلىرىنى ئاساس قىلغان تۈركىي جۇمھۇرىيەتلەر فېدېراتسىيىسى قۇرۇش پىكىرلىرى ئەمەلگە ئاشقان بولسا، ۋە ياكى كېيىنكى يىللاردا قازاقىستان پرېزىدېنتى نۇرسۇلتان نازاربايېۋ ئوتتۇرىغا قويغان مەركىزىي ئاسىيا دۆلەتلىرى ئىتتىپاقىنى قۇرۇپ، خۇددى ياۋروپا

ئىتتىپاقىغا ئوخشاش سىياسىي ـ ئىقتىسادىي گەۋدىگە ئايلىنىش تەشەببۇسى ھەر قايسى جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن بولسا، بەلكى ئۆش تراگېدىيىسى مەيدانغا چىقمىغان بولار ئىدى.

## 3.كونا «ئاكىلار» نى سېغىنىش

بۈگۈنكى كۈندىكى مەركىزىي ئاسىيا كۆپ خىل خەلقئارالىق ۋە رايون خاراكتېرلىك ئىتتىپاق ھەم تەشكىلاتلارنىڭ رامكىسى ئاستىدا بولۇپ، قىرغىزىستان، ئۆزبېكىستان، قازاقىستان ۋە تاجىكىستان ھەمدە تۈركمەنىستان جۇمھۇرىيەتلىرى ئۆزىگە خاس بولغان تاشقى سىياسەت يۈرگۈزمەكتە.

11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىن، ئافغانىستاننى بازا قىلغان تالىبانلار ۋە خەلقئارا تېرروررچىلىققا قارشى ئۇرۇش باشلانغاندىن كېيىن، ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا سىياسىتى مەيدانغا كەلدى. چۈنكى، ئامېرىكا قىرغىزىستان ۋە ئۆزبېكىستاندا ھەربىي بازا قۇرغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە بۇ رايوندا دېموكراتىك تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈپ، دىكتاتورلۇق تۈزۈمگە خاتىمە بېرىش پىكىرلىرىمۇ كۈچەيدى. رايوننىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتە چېكىنىشى ۋە ئۇنىڭ ئىقتىسادىي تېز تەرەققىي قىلىۋاتقان خىتاي بىلەن قوشنا بولۇشى مەركىزىي ئاسىيا دۆلەتلىرىنى ئىقتىسادىي جەھەتتە خىتاي بىلەن مەلۇم دەرىجىدە باغلىدى.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يىمىرىلىشىدىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيادا مۇستەقىل تۈركىي جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشىدىن ئىلھام ئالغان ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىللىق ۋە كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتلىرىنىڭ كۈچىيىپ كېتىشى نەتىجىسىدە خىتاي ئۇيغۇرلار بىر قەدەر زىچ جايلاشقان ھەمدە بۇ پائالىيەتلەر روناق تاپقان قوشنا ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى بىلەن سىياسىي ھەمكارلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. شۇنىڭ بىلەن خىتاي ئالدى بىلەن رۇسىيە بىلەن ھەمكارلىق ئورنىتىپ، چېگرا ئىختىلاپلىرىغا خاتىمە بېرىش شوارى ئاستىدا شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنى بەرپا قىلدى. گەرچە

مۇستەقىل بولغان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا رۇسىيىنىڭ ئۇزۇن مەزگىللىك تەسىرى دائىرىسىدىن چىقىپ كېتەلمىگەن ھەمدە تېخى ئۆزلىرىنىڭ مۇستەقىل تاشقى سىياسىتىنى بەلگىلەشكە قادىر بولالمىغان ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرى تەبىئىي ھالدا رۇسىيىنىڭ باشلامچىلىقىدا شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىغا قاتناشتى.

بۇ دەل چېچەن ئۇرۇشى پارتلاپ، رۇسىيىنىڭ مىللىي رايونلىرىدا ئىگىلىك ھوقۇق خاھىشلىرى كۈچەيگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە رۇسىيە بىلەن خىتاي ئارىسىدىكى چېگرا مەسىلىسىنى ھەل قىلىش كۈن تەرتىپكە كەلگەن پەيت بولغاچقا رۇسىيە خىتاينىڭ قوللىشىغا موھتاج ئىدى. ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىمۇ خىتاي بىلەن بولغان چېگرا مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ تەۋەلىكلىرىنى مۇقىملاشتۇرۇشقا ئىنتىلەتتى. خىتاينىڭ ئېھتىياجى بولسا، قوشنا ئوتتۇرا ئاسىيادا ئەۋجى ئالغان ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي ھەرىكەتلىرىنىڭ ئۆز مۇقىملىقىغا تەسىر يەتكۈزۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىن ئىبارەت ئىدى. مانا مۇشۇنداق تۈرلۈك ئېھتىياج ۋە زۆرۈرىيەتلەر مەركىزىي ئاسىيادا شاڭخەي گۇرۇھىنى ئەمەلگە ئاشۇردى.

يىللارنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، مەركىزىي ئاسىيا دۆلەتلىرى خىتاي بىلەن ئايرىم سىياسىي ـ ئىقتىسادىي ئالاقىلەرنى كۈچەيتتى. ئۇلار ئارىسىدا تەبىئىي گاز نېفىتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئېنېرگىيە كېلىشىملىرى تۈزۈلدى ۋە نېفىت ھەم تەبىئىي گاز تۇرۇبىلىرى ياتقۇزۇلۇپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى .

مەركىزىي ئاسىيا دۆلەتلىرى بىر ياقتىن ئامېرىكا ۋە ياۋروپا ئىتتىپاقى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىنى قويۇقلاشتۇرۇشقا كىرىشتى. بولۇپمۇ، ئامېرىكىنىڭ مەركىزىي ئاسىيا رايونىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى رۇسىيە بىلەن خىتايغا ياقمىغان بولۇپ، موسكۋا بىلەن بېيجىڭنىڭ ئامېرىكىنىڭ تەسىر دائىرىسىنىڭ كېڭىيىشىگە قارشى تۇرۇشتىكى مەيدانى ئورتاق بولسىمۇ، لېكىن رۇسىيە يەنە ئۆز نۆۋىتىدە بۇ جايدا خىتاينىڭ كۈچلۈك ئورۇننى ئىگىلىشىنى خالىمايتتى. خىتاينىڭ مەركىزىي ئاسىيا ئېنېرگىيىسىنى ئۆز ئالدىغا ئىگىلەشكە ئىنتىلىشى رۇسىيە ئۈچۈن خىرىس بولۇپ، يېقىنقى بەش يىلدىن بۇيان

رۇسىيە مۇستەقىل دۆلەتلەر ھەمدوستلۇقىنى كۈچەيتىش، كوللېكتىپ بىخەتەرلىك كېلىشىمى تەشكىلاتى ۋە ياۋرو-ئاسىيا تاموژنا ئىتتىپاقىنى تەسىس قىلىش يوللىرى بىلەن مەركىزىي ئاسىيادىكى بۇ دۆلەتلەرنى قايتىدىن ئۆز تەسىر كۈچ دائىرىسى ئىچىگە ئېلىپ كىردى. رۇسىيە كېرەك بولغاندا، شاڭخەي گۇرۇھى ئارقىلىق، كېرەك بولغاندا، ئۆزى باش بولغان، ئەمما خىتاي كىرمىگەن مەزكۇر رايون خاراكتېرلىك تەشكىلاتلار ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىيا ۋەزىيىتىنى مونوپول قىلىپ كەلدى.

بۇ يىل 7-ئاپرېلدا بىشكەكتە يۈز بەرگەن سىياسىي ئۆزگىرىش نەتىجىسىدە مەيدانغا چىققان ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ئالدى بىلەن رۇسىيىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن بولۇپ، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ئالدى بىلەن موسكۋا بىلەن ئالاقە ئورناتتى. رۇسىيە ھۆكۈمىتى قىرغىزىستاننى ئىنسانپەرۋەرلىك ياردىمى بىلەن تەمىنلەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى .

رۇسىيە قىرغىزىستانغا 20 مىليون دوللار ياردەم ۋە 30 مىليون دوللار قەرز بېرىپ تۇرىدىغانلىقىنى جاكارلىغان. بىراق، باش مىنىستىر پۇتىن قىرغىزىستاندا بولۇۋاتقان ئىشلار ئۇلارنىڭ ئىچكى ئىشلىرى، ئىجتىمائىي ۋە ئېغىر ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق شارائىتىدا ئۇلارنىڭ رۇسىيىدىن ياردەم سورىغانلىقىنى تەكىتلىگەن .

ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغان بىرىنچى كۈنىدىن ئېتىبارەن ئىزچىل تۈردە رۇسىيىنى ئۆزىنىڭ بىرىنچى ھەمكارلىق نىشانى سۈپىتىدە بېكىتكەن بولۇپ، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ چۈشىنىشىچە، ئەگەردە رۇسىيە بۇ ھۆكۈمەتنى ئېتىراپ قىلغاندىلا ئۇلارنىڭ ئورنى قانۇنلاشقان بولىدۇ ھەمدە باشقا دۆلەتلەرمۇ ئېتىراپ قىلىدۇ.

مۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، ئارقىدىن ئامېرىكا ھۆكۈمىتىمۇ قىرغىزىستانغا ئىنسانپەرۋەرلىك ياردىمى بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. 14-ئاپرېل كۈنى ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرىنىڭ جەنۇبىي ۋە مەركىزىي ئاسىيا ئىشلىرى بويىچە ياردەمچىسى روبېرت بلېيك بىشكەككە يېتىپ كېلىپ، ۋاقىتلىق

ھۆكۈمەتنىڭ رەھبىرى روزا ئوتۇنبايېۋا بىلەن سۆزلەشكەن. ئۇنىڭ ئالدىدا بولسا، ئامېرىكىنىڭ قىرغىزىستانغا ئىنسانپەرۋەرلىك ياردىمى بېرىدىغانلىقى مەلۇم بىلدۈرۈلگەن ئىدى. روزا ئوتۇنبايېۋا ئۆزلىرىنىڭ ئامېرىكا بىلەن بولغان كېلىشىملەرنى داۋاملىق كۈچكە ئىگە قىلىدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن. روزا ئوتۇنبايېۋا يەنە ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرى خىللاريي كلىنتون خانىم بىلەن تېلېفوندا سۆزلەشكەن شۇنىڭدەك ئامېرىكىنىڭ بىشكەكتىكى ئەلچىسى بىلەنمۇ ئۇچراشقاندا، ئۇ، ئامېرىكىنىڭ قىرغىزىستانغا بېرىلىدىغان ئىنسانپەرۋەرلىك ياردىمىنىڭ كېڭەيتىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن ئىدى .

ۋاشىنگتوندىكى ئۆزبېك ئانالىزچى، ئەلىشىر خەمدوۋ ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ تاشقى سىياسىتىنى تەھلىل قىلىپ، بۇ ھۆكۈمەتنىڭ ھازىر ئامېرىكا ۋە رۇسىيەدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ دۆلەتنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىشنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشۋاتقانلىقى، چۈنكى ئۆزلىرىنىڭ تەسىرى ۋە كۈچىنىڭ ھازىرچە تېخى يېتەرلىك ئەمەسلىكىنى، بولۇپمۇ، ئىقتىسادىي جەھەتتە ئىنتايىن ناچار ئەھۋالدا ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن ئىدى.

بىراق، قىرغىزىستان ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى رۇسىيە ۋە ئامېرىكىدىن ياردەم سورىغان بولسىمۇ، ئەمما قوشنىسى خىتايدىن ھېچقانداق ياردەم سورىمىدى شۇنىڭدەك خىتايمۇ قىسمەن ياردەمدىن باشقا ھېچقانداق چوڭ ياردەم بېرىش ۋە ياكى قوللاش پوزىتسىيىسىنى بىلدۈرمىدى .

ھەتتا، سابىق پرېزىدېنت قۇرمانبەك باقىيېۋ ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بەرمەي، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت بىلەن قارشىلاشماقچى بولغاندا، رۇسىيە، ئامېرىكا ۋە قازاقىستان تەرەپنىڭ بىرلىكتە كۈچ چىقىرىشى بىلەن باقىيېۋ قىرغىزىستاندىن ئايرىلغان ئىدى .

قىرغىزىستان ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى تېخى ئۆزىنىڭ ۋەزىيىتىنى مۇقىملاشتۇرۇپ بولالماي تۇرۇپ، 11-14-ئىيۇن كۈنلىرى ئوش ۋە جالال ئابادتا ئېتنىك توقۇنۇش كېلىپ چىققاندا ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت رەھبىرى روزا ئوتۇنبايېۋا يەنە ئالدى بىلەن رۇسىيەدىن ھەربىي قوشۇن ئەۋەتىپ ۋەزىيەتنى

تىنچلاندۇرۇشنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، بىراق رۇسىيىنىڭ رەت قىلىشىغا ئۇچرىدى. ئارقىدىنلا قىرغىزىستاندىكى 76 پارتىيە ۋە ئاممىۋى تەشكىلات بىرلىكتە رۇسىيىنىڭ قوشۇن كىرگۈزۈشىنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، بىراق موسكۋا ھەرگىز بۇ قەدەمنى باسمىدى.

12-ئىيۇن كۈندىكى ئىسلام كەرىموف بىلەن دمىترىي مېدۋېدېۋ ئارىسىدىكى تېلېفون سۆھبىتىدىن كېيىن، ئۆزبېك-قىرغىز چېگرىلىرىدا تانكىلار بىلەن ھەيۋە قىلىپ تۇرغان ئۆزبېكىستان قوشۇنلىرى بىردىنلا چېگرىلىرىنى مۇساپىرلارغا كەڭ ئېچىپ بېرىپ، ئۇلارنى تۇشمۇ-تۇشتىن قوبۇل قىلدى ھەتتا مۇساپىرلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ كېلىپ ئوق چىقىرىۋاتقان باندىتلارنىڭ بىرونېۋىكنى نىشانغا ئالماي، پەقەت ئۇنىڭ يېنىغا قارىتىپ ئوق ئېتىش بىلەن بىرونېۋىكنى ئارقىغا قېچىشقا مەجبۇر قىلىش تاكتىكىسى قوللاندى.

پەرغانە تورىنىڭ ۋىدىئو خەۋەرلىرىدە غەزەپلەنگەن ئۆزبېك ياشلىرى سۆزلەپ، رۇسىيە ھۆكۈمىتىدىن ھەربىي ياردەم سوراش بىلەن بىرگە رۇسىيە تەرەپتە تۇرۇپ قىرغىزلارغا قارشى جەڭ قىلىشقا تەييار ئىكەنلىكى، ئۆزلىرىنىڭ رۇسىيىگە سادىق بولىدىغانلىقى ۋە رۇسىيىنىڭ ئۆزلىرىگە ئىگە چىقىشىنى تەلەپ قىلدى.

نىمە دېگەن دراماتىك كۆرۈنۈشلەر ــ ھە؟، غالىپ چىققان ھۆكۈمەتمۇ موسكۋانى چاقىرماقتا، ۋەيران بولغانلارمۇ موسكۋاغا ئىنتىلمەكتە.

بۇ ئىنتىلىشمۇ ياكى ئىنتىلدۈرۈشمۇ؟ بۇ سوئالغا بەك ئاشۇ ئىنتىلگۈچىلەرنىڭ ئۆزلىرى ئەڭ توغرا جاۋاب بېرەلىسە كېرەك؟ !

قىرغىزىستان ۋەزىيىتى پرېزىدېنت دمىترىي مېدۋېدېۋنىڭ ۋاشىنگتون سەپىرىدە پرېزىدېنت باراك ئوباما بىلەن بولغان سۆھبەت ئۈستىلىگە چۈشكەن بولۇپ، ئامېرىكا بىلەن رۇسىيىنىڭ ھېچقايسىسى ئېتنىك توقۇنۇش رايونىغا قوشۇن ئەۋەتمەسلىك، ئەمما ۋەزىيەتنى مۇقىملاشتۇرۇشتا ھەمكارلىشىش مەيدانى بىلدۈرۈلدى. بىشكەك ۋە ئوش ۋەقەسىدىن ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى

دىپلوماتىك مۇناسىۋەتلەر كۆرۈنۈشلىرى مەركىزىي ئاسىيادا ۋاشىڭتون بىلەن موسكۋانىڭ ھەمكارلىق تارىخىي دەۋرىنىڭ باشلانغانلىقى، بۇ رايوننىڭ تەرتىپىنى بەلگىلەشتە ئۇلارنىڭ بىرلەشمە ئاۋاز كۈچى شەكىللەنگەنلىكىنى ئىپادە قىلسا كېرەك.

ھازىر قىرغىزىستاننىڭ ماناس ئايرودرومىدا ئامېرىكىنىڭ ئافغانىستانغا ھەربىي ئەسلىھەلەرنى يەتكۈزۈش مەركىزى، رۇسىيىنىڭ بىشكەك شەھىرى يېنىدا ھاۋا ئارمىيە بازىسى مەۋجۇت بولۇپ، بىشكەك بۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىنىڭلا ساقلىنىپ قېلىنىشىنى خالايدىكى، ئەمما ئۈچىنچى بىر دۆلەتنىڭ بۇ يەردە يەنە بىر يېڭى بازا بەرپا قىلىشىنى ھەرگىز خىيالغا كەلتۈرمەيدۇ ھەم كەلتۈرۈشمۇ مۇمكىن ئەمەس.

### 4.رېئاللىقتىن يىراق ئەمەس تىلەكلەر

ھازىر قىرغىزىستاندا ۋەزىيەت مۇقىملاشقان ۋە يېڭى ھۆكۈمەت قانۇنلاشتۇرۇلغان بولسىمۇ، بىراق بۇ دۆلەتتىكى ئېتنىك زىددىيەتلەر ۋە سابىق پرېزىدېنت باقىيېف تەرەپدارلىرى بىلەن يېڭى ھۆكۈمەت ئارىسىدىكى زىددىيەتلەرنىڭ يەنىلا ئۆتكۈر ئىكەنلىكى مەلۇم.

قازاقىستان پرېزىدېنتى نۇرسۇلتان نازاربايېف ئالمۇتىدا ئۆتكۈزۈلگەن ياۋروپا بىخەتەرلىكى ۋە ھەمكارلىقى تەشكىلاتىنىڭ يىغىنىدا قىرغىزىستان ۋەزىيىتىنىڭ ھازىرچە مۇقىملاشقانلىقى ھەققىدە گەپ قىلىشىنىڭ تېخى بالدۇر ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەن ھەمدە مەزكۇر تەشكىلات قىرغىزىستانغا بىرلىكتە خەلقئارالىق ساقچى گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ، ۋەزىيەتنىڭ داۋاملىق مۇقىملاشتۇرۇشقا ياردەم بېرىشنى قارار قىلغان بولسىمۇ، بىراق قىرغىزىستان تەرەپ بۇ تەكلىپىنى رەت قىلغان ئىدى .

كىشىلەر ئوشتا يۈز بەرگەن ئېتنىك توقۇنۇشنىڭ باشقا جايلاردا ھەمدە باشقا جۇمھۇرىيەتلەردىمۇ تەكرارلىنىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىمەكتە. چۈنكى، يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك، سۇنئىي سىزىلغان چېگرىلار ۋە ئېتنىك خەرىتىلەر

تۇپەيلىدىن ئۆزبېكىستان تەۋەسىدىكى قازاقلار بىلەن ئۆزبېكلەر، قىرغىزلار بىلەن ئۆزبېكلەر، تاجىكلار بىلەن ئۆزبېكلەر، ئۆزبېكلەر بىلەن قارا قالپاقلار، ئۆزبېكلەر بىلەن تۈركمەنلەر، تاجىكىستان تەۋەسىدىكى ئۆزبېكلەر بىلەن تاجىكلار، قازاقىستان تەۋەسىدىكى ئۆزبېكلەر بىلەن قازاقلار، قازاقلار بىلەن ئۇيغۇرلار، قازاقلار بىلەن رۇسلار ھەم باشقا مىللەتلەر ئارىسىدا ئىتنىك توقۇنۇش چىقىرىش تولىمۇ ئاسان ئىش. بۇ دۆلەتلەردىكى ئىتنىك توقۇنۇش «ئويۇنىنى» نىيىتىنى بۇزغان ئەتراپتىكى ھەر قانداق بىر كۈچ خالىغان ۋاقىتتا ئوينىيالايدۇ. شۇ نۇقتىنى چۈشەنگەن ئىسلام كەرىموف، نۇرسۇلتان نازارباييېف ۋە ھەم سابىق پرېزىدېنت ئەسقەر ئاقايېف قاتارلىق بۇرۇنقى سوۋېت دەۋرىدە بۇ مەسىلىلەردە مول تەجرىبىلەرگە ئىگە بولغان ئوتتۇرا ئاسىيا رەھبەرلىرى ئۆز جۇمھۇرىيەتلىرىدىكى مىللىي مەسىلىگە نازۇك ۋە ئېھتىياتچان مۇئامىلە قىلغان ھەم قىلماقتا. ئەسقەر ئاقايېف ئۆز دەۋرىدە «قىرغىزىستان بىزنىڭ ئورتاق ئۆيۈمىز» دېگەن شوئار ئاستىدا مىللەتلەرنىڭ ئۆملۈكىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشقا تىرىشقان ئىدى.

ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ قەبىلە ۋە جەمەت تۇيغۇسىمۇ زىددىيەتلەرنىڭ يەنە بىر ئامىلى بولۇپ، بىر پۈتۈن قىرغىز مىللىتى جەنۇبىي ۋە شىمالىي قەبىلىلەر توپىغا بۆلۈنگەن بولۇپ، بۇ ئىككى گۇرۇپپا ئارىسىدا كۆپلىگەن زىددىيەتلىك ئامىللار بار. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاكتىكىسى بويىچە ھاكىمىيەت دائىم بەزىدە شىمالىي قىرغىز قەبىلىلىرىدىن چىققان كىشىگە بېرىلسە، گاھىدا جەنۇبلۇقلارغا بېرىلگەن بولسىمۇ، لېكىن تاكى قۇرمانبەك باقىيېف دەۋرىگىچە قىرغىزىستان ھۆكۈمىتى ئاساسىي جەھەتتىن شىمالىي قەبىلىلەرنىڭ قولىدا بولۇپ كەلگەن ئىدى. شۇنى، ئەسكەرتىش كېرەككى، بۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەبلەرنىڭ بىرى شۇكى 19 ـ ئەسىردە چار رۇسىيە قوشۇنلىرى ئىسسىق كۆل بويىغا كېلىپ، ئالدى بىلەن شىمالىي قەبىلىلەرنى بويسۇندۇرغان بولسىمۇ، بىراق جەنۇبىي قەبىلىلەر قوقان خانلىقى بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ، رۇس قوشۇنلىرى بىلەن قارشىلاشقان ئىدى.

قازاقىستاندا بولسا، نازاربايەف جەمەتى بىلەن باشقا گۇرۇپپىلار ئارىسىدىكى ئىختىلاپلاردىن باشقا ھاكىمىيەت سوۋېت تاكتىسىكى بويىچە كۆپىنچە ھاللاردا ئۇلۇغ يۈزگە تاپشۇرۇلۇپ، ئوتتۇرا يۈزى ۋە باشقا قەبىلىلەر چەتتە قالدۇرۇلغان.

ئۆزبېكىستاندا بولسا، سەمەرقەنتلىك، ۋادىلىق ۋە خارەزملىق گۇرۇپپىسى مەۋجۇت بولۇپ، سوۋېت تاكتىكىسى بويىچە ئۆزبېكىستاننىڭ بىرىنچى قوللۇق ئورنىنى سەمەرقەنتلىككە تاپشۇرسا، ئالىي كېڭەش ۋادىيلىق ياكى تاشكەنتلىكلەرگە بېرىلىپ، خارەزملىكلەرگە باشقا ھوقۇقلار تەقسىم قىلىنغان. نۆۋەتتە، ئۆزبېكىستاندا سەمەرقەندلىكلەر ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن بولۇپ، ئىسلام كەرىموفنىڭ ئۆزىمۇ سەمەرقەندلىك ئىدى.

ئۆزبېكىستاندىكى قارا قالپاقىستان جۇمھۇرىيىتى بولسا، 70 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيان ئاپتونوم جۇمھۇرىيەتلىك سالاھىيىتىنى ساقلىماقتا ھەمدە ئارال كۆلىنىڭ قۇرۇپ كېتىشى بىلەن قارا قالپاقلارنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئارقىدا قېلىشىنى تاشكەنتنىڭ كۆڭۈل بۆلمەسلىكىدىن كۆرىدۇ ھەمدە قارا قالپاقلار ئارىسىدا قازاقىستانغا تەلپۈنۈش ھەم ئۆزلىرىنى ئەسلىدە قازاقلار بىلەن بىر خەلق دەپ ھېسابلاش ئىدىيىسى مەۋجۇت.

بۈگۈنكى مەركىزىي ئاسىيادا زىددىيەتلەر يېتەرلىك كۆپ ۋە مۇرەككەپ، بۇ زىددىيەتلەرنىڭ ئەڭ خەتەرلىكى ئىچكى ئايرىمىچىلىقلار ئەمەس بەلكى ئېتنىك ئايرىمىچىلىق بولۇپ، ئوش ۋەقەسى بۇنى تولۇق ئاشكارىلىدى. 100 دىن ئارتۇق ھەر خىل مىللەت ۋەكىللىرى ياشايدىغان مەركىزىي ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدىكى ئاساسىي ئاھالە تەركىبى يەنىلا تۈركىي تىللىق خەلقلەر بولۇپ، بۇ خەلقلەر مۇقىملىقنى قوغداشنىڭ كاپالىتى. ئوش پاجىئەسىنىڭ تەكرارلانماسلىقى شۇنىڭدەك مەركىزىي ئاسىيادا مۇقىم ۋە گۈللەنگەن جەمئىيەت يارىتىش ئۈچۈن ئورتاقلىشىپ يول تېپىش كېرەك. بەلكى، بىردىنبىر يول ئالدى بىلەن مەركىزىي ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرى ئۆزلىرى بىرلىكتە يېڭىچە «مەركىزىي ئاسىيا» نامى ۋە ياكى تارىخىي ئورتاق نام «تۈركىستان» نامى ئاستىدا ئورتاق مىللىي ئىدېئولوگىيىسى بەرپا قىلىش.

ياۋروپا ئىتتىپاقىغا ئوخشاش ۋە ياكى باشقا مۇۋاپىق خىلدىكى بىر سىياسىي، ئىقتىسادىي گەۋدە ھاسىل قىلىپ، بىر-بىرىنىڭ بايلىقلىرى ۋە ئەۋزەللىكلىرىدىن تەڭ بەھرىمەن بولۇپ، ئىقتىسادىي جەھەتتىن تەڭ تەرەققىي قىلىش.

مائارىپ، تارىخ، سەنئەت، ئەدەبىيات ھەم باشقا تەرەپلەردە ئورتاق پروگراممىلارنى بەرپا قىلىپ، ئورتاق مەدەنىيەت بايلىقى ئىدىيىسىنى بەرپا قىلىش ۋە كۈچەيتىش.

دىنىي جەھەتتە ھەممىسىنىڭ ئورتاق ھالدا ئىسلامنىڭ سۈننى مەزھىپىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكى ۋە ئەزەلدىن بۇلار ئارىسىدا دىنىي مەزھەپ زىددىيىتى بولمىغانلىقىدەك تەرەپلىرىنى ئاساس قىلىپ، ئورتاق مۇفتىلىك ھەمدە دىنىي تەربىيە پروگراممىسى تەسىس قىلىپ، دىنىي قېرىنداشلىقنى كۈچەيتىش .

مانا مۇشۇ بىر قاتار چارە-تەدبىرلەر ئارقىلىق باي ۋە گۈللەنگەن، تىنچ ۋە مۇقىم مەركىزىي ئاسىيانى قۇرۇپ چىققىلى بولىدۇ.

ئوش پاجىئەسى پەقەت قىرغىزىستانغىلا ساۋاق بولماستىن بەلكى پۈتۈن مەركىزىي ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىگە، جۈملىدىن تۈركىي خەلقلەر دۇنياسىغا چوڭقۇر ساۋاق!

2010-يىل 7-ئاي

# دادام تۇرغۇن ئالماسنىڭ تەرجىمھالى

**قۇتلۇق ئالماس**

مەشھۇر شائىر، ئەدىب، تارىخشۇناس، ئۆزىنىڭ پۈتۈن ھاياتىنى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇستەقىللىق ئىشلىرىغا بېغىشلىغان ئۇلۇغ ئىنقىلابچى تۇرغۇن ئالماس 1921-يىلى 10-ئاينىڭ 30-كۈنى قەشقەر ۋىلايىتى كوناشەھەر ناھىيىسى دۆلەتباغ يېزىسىنىڭ تاربوغۇز كەنتىدە تىجارەتچى ئىمىنئاخۇن ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. باشلانغۇچ ھەم ئوتتۇرا مەكتەپنى ئۆز يۇرتىدا تاماملاپ، ئون ئالتە يېشىدا يەنى 1937-يىلى ئاتا-ئانىسى بىلەن بىرگە مۇز داۋان ئارقىلىق غۇلجا شەھىرىگە كېلىپ ئولتۇراقلىشىدۇ. تۇرغۇن ئالماس، 1939-يىلى 9-ئايدا غۇلجىدىن سابىق شىنجاڭ ئىنستىتۇتىغا ئوقۇشقا كېلىدۇ. ئۇ، ئالىي مەكتەپ ھاياتىدىن باشلاپ رۇس، فرانسۇز، ئىنگلىز كلاسسىك يازغۇچىلىرى ۋە سوۋېت يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشۇشقا باشلايدۇ. شۇنداقلا يەنە، ئەينى زامانىدىكى شىڭشىسەي مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئېغىر خەتەر ئاستىدىكى ھاياتى ھەم تەقدىرى ئۈستىدە ئويلىنىشقا باشلايدۇ! تۇرغۇن ئالماس، ئۆزىنىڭ مىللەت ئۈستىدىكى ئوي ۋە ئەندىشىلىرىنى 1941-يىلى يازغان تۇنجى شېئىرى «قايتمايمىز» دا ئىزھار قىلىپ، ئەدەبىي ئىجادىيەتكە كىرىشتىكى تۇنجى قەدىمىنى تاشلايدۇ .

تۇرغۇن ئالماس، 1942-يىلى 8-ئايدا ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، شۇ يىلى 9-ئايدا قاراشەھەر ناھىيىسىنىڭ دەنزىل يېزىسىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپكە مۇدىر بولىدۇ. ئۇ، دەنزىلدىكى ئوقۇتۇش خىزمىتى جەريانىدا ئىنقىلابى پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانغانلىقى ئۈچۈن، 1943-يىلى شىڭشىسەي

ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلىنىدۇ. ئۇ، تۈرمىدە «تۇتقۇن»، «غەرب موماي»، «جەمىلە»، «ئىككى تامچە ياش» قاتارلىق ئىنقىلابى شېئىرلارنى يېزىپ، دۈشمەنگە بولغان ئۆچمەنلىكىنى ئىپادىلەپ، خەلقنى كۈرەش قىلىشقا چاقىرىدۇ. 1945 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئىككى يىللىق تۈرمە ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئەركىنلىككە ئېرىشىدۇ. تۇرغۇن ئالماس، شۇ يىلى 10 ـ ئايدا قاراشەھەردىن پىيادە مېڭىپ قەشقەر شەھىرىگە يېتىپ بېرىپ، قەشقەر دارىلمۇئەللىمىنىگە خىزمەتكە ئورۇنلىشىدۇ. بۇ مەزگىل، دەل سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ «مەدىنى بېسىمى» ئاستىدا، «شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» ھۆكۈمىتى گومىنداڭ مەركىزى ھۆكۈمىتى بىلەن ئۈرۈمچىدە ئاتالمىش «تىنچلىق سۆھبىتى» نى باشلىغان، گومىنداڭ ھەربىي ھەم ساقچى دائىرىلىرى ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى يەتتە ۋىلايەتتە، ئۇيغۇرلار ئۈستىدىكى قانلىق مۇستەملىكىلىك ھۆكۈمرانلىقىنى تېخىمۇ دەھشەتلىك يۈرگۈزۈۋاتقان ۋەزىيەتكە توغرا كەلگەن ئىدى. تۇرغۇن ئالماس، گومىنداڭ دائىرىلىرىنىڭ بۇ قانلىق تېررورلۇقىدىن قورقۇپ قالماي، ئۆزىنىڭ مىللىي مەسئۇلىيەتچانلىق روھىنى تېخىمۇ يۈكسەك دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇپ، «شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى»نىڭ گومىنداڭ مۇستەملىكە ھۆكۈمرانلىقىدىكى يەتتە ۋىلايەتتە تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىش ئىستراتېگىيىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، قەشقەر ۋىلايىتى دائىرىسىدىكى ئىنقىلابى پائالىيىتىنى ئاكتىپلىق بىلەن باشلاپ، گومىنداڭ دائىرىلىرىنىڭ ئۇيغۇرلار ئۈستىدىن ئېلىپ بېرىۋاتقان قانلىق مۇستەملىكىلىك مىللىي زۇلۇملىرىنى پاش قىلىدىغان كەڭ كۆلەملىك ئىنقىلابى تەشۋىقات خىزمەتلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، قەشقەر خەلقىنى ئىنقىلابقا تەشكىللەيدۇ.

ئۇ، 1945 ـ يىلى 10 ـ ئايدىن 1947 ـ يىلى 4 ـ ئايغىچە بولغان مەزگىل ئىچىدە ئۆزىنىڭ ئەدەبىي تالانتىنى جارى قىلدۇرۇپ، «ئازادلىق مەشئىلى»، «چۆپان»، «تەنلىرىم ياپراق»، «ياشلىقىم»، «ئانا تۇپراق ئۈچۈن»، «ئۈمىدلىك خىيال»، «جەنۇب ساداسى»، «مۇڭلىرىم» قاتارلىق يۈكسەك ئىنقىلابى روھقا ئىگە بولغان جەڭگىۋار شېئىرلارنى يېزىپ، گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى يەتتە ۋىلايەتتە كەڭ خەلق ئاممىسىنى ئىنقىلابى

هوشيارلىقنى ھەر ۋاقىت بوشاشتۇرماي، دۈشمەننىڭ ھەرخىل ھىيلە-مىكىر ھەم سۈيقەستلىرىنىڭ ئالدىمىغا چۈشمەي، يۈكسەك ئىنقىلابى روھ ھەم شىجائەت بىلەن ئىنقىلاب غەلىبىسىنى پۈتۈن ۋەتىنىمىز مىقياسىدا ئۈزۈل-كېسىل ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا چاقىرىدۇ.

1947-يىلى 4-ئاينىڭ 21-كۈنىدىن 5-ئاينىڭ 8-كۈنىگىچە ئەخمەتجان قاسىمى، جاڭجىجۇڭلار جۇنۇپنى كۆزدىن كەچۈردۇ. ئۇلار، 4-ئاينىڭ 21-كۈنى ئايروپىلان بىلەن قەشقەرگە يېتىپ بېرىپ ئەتىسى، يەنى 4-ئاينىڭ 22-كۈنى جاڭجىجۇڭ قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزالىرى سۆھبەت يىغىنىنى چاقىرغاندا، تۇرغۇن ئالماس ئۈچ كىشىدىن تەركىب تاپقان خەلق ۋەكىللىرى تەركىبىدە گومىنداڭ مەركىزى ھۆكۈمىتىنىڭ باش سۆھبەت ۋەكىلى ھەم ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى جاڭجىجۇڭ بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، خەلقنىڭ «جىگرىنى شۇ يەردىكى خەلق قوغدىسۇن، قەشقەر شەھەر رايونىدىكى مۇداپىئە ئىستىھكاملىرى بۇزۇپ تاشلانسۇن، ھەربىيلەرنىڭ سىياسىي ئىشلارغا ئارىلىشىشىغا رۇخسەت قىلىنمىسۇن، شىنجاڭ دېگەن نام ‹شەرقىي تۈركىستان› غا ئۆزگەرتىلسۇن.» گە ئوخشاش ھەققانىي تەلىپى ۋە مەيدانىنى بىلدۈردى. جاڭجىجۇڭ خەلقنىڭ بۇ ھەققانىي تەلەپلىرى ۋە مەيدانلىرىغا سەممىيەتسىزلىك بىلەن رەددىيە بەرگەنلىكى ئۈچۈن، ئاما بۇنىڭدىن نارازى بولۇپ، توغرىدىن توغرا « جاڭجىجۇڭ! جاڭجىجۇڭ !!!» دەپ ئىسمىنى تووۋلاپ، ئۇنىڭغا قارشى چىقىدۇ. يىغىن كۆڭۈلسىز ئاخىرلىشىدۇ. جاڭجىجۇڭ، يەكەن ۋە خوتەن ئىككى ۋىلايەتنى كۆزدىن كۆچۈرگەندىن كېيىن قەشقەرگە قايتىپ كېلىپ، قەشقەر ۋالىي مەھكىمىسى ئۆتكۈزگەن 5-ئاينىڭ 5-ۋە 6-كۈنىدىكى ئۆلكىلىك، ناھىيىلىك كېڭەش ئەزالىرى ھەم تۇرغۇن ئالماس ۋەكىللىكىدىكى ھەر ساھە ۋەكىللىرى سۆھبەت يىغىنىغا قاتنىشىپ، خەلق ۋەكىللىرى ئالدىنقى نۆۋەتتىكى سۆھبەتتە ئوتتۇرىغا قويغان تەلەپلەرنى مەنتىقسىز ئاساسلار بىلەن ئەيىبلىگەنلىكى ئۈچۈن، شۇ يەردىكى ئاممىنىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغايدۇ. شۇنىڭ بىلەن، 5-ئاينىڭ 7-كۈنى كەچقۇرۇن، تۇرغۇن ئالماس ۋەكىللىكىدىكى ئىنقىلاب يولباشچىلىرى ئونمىڭغا يېقىن ئاممىنى باشلاپ جاڭجىجۇڭ چۈشكەن قەشقەر ۋالىي مەھكىمىسىنى

قورشىۋېلىپ، ئالدىنقى قېتىملىق سۆھبەتلەردە ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلىلەرگە قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. غەزەپلەنگەن ئاما «گومىنداڭ ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلايلى! جاڭجېجۇڭنى يوقىتايلى! جاڭجېجۇڭنى ئۆلتۈرەيلى!» دېگەن شوئارلارنى توۋلايدۇ. نامايىشنىڭ ئالدىنقى سېپىدا تۇرغان تۇرغۇن ئالماس، شۇ مەيداننىڭ ئۆزىدە «ساتقۇنغا ئۆلۈم» ناملىق مەشھۇر شېئىرىنى ئوقۇپ، گومىنداڭ مۇستەملىكىچى ئەكسىيەتچىلىرى ۋە ئۇلارغا ئەگەشكەن مىللىي خائىنلارنىڭ ئەسلى رەزىل ساتقۇنلۇق ماھىيىتى ئېچىپ تاشلاپ، خەلقنى ئۇلارنى ئۆزۈل-كېسىل، تولۇق يوقاتمىغۇچە توختىماي ئاداققىچە كۈرەش قىلىشقا چاقىرىدۇ. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھەققانىي قارشىلىقلىرىنىڭ زەربىسى ئاستىدا، جاڭجېجۇڭ شۇ ھامان قەشقەردىن كېتىش قارارىغا كېلىپ، نامايىشنىڭ ئەتىسى، يەنى 5-ئاي- نىڭ 8-كۈنى سەھەردىلا ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىگە تىكىۋېتىدۇ. ئۇنى، يەرلىك ئەمەلدارلاردىن بىرەرسىمۇ ئۇزاتقىلى چىقمىدى. گومىنداڭ مەركىزى ھۆكۈمىتى جاڭجېجۇڭنىڭ 5-ئاينىڭ 10-كۈنىدىكى ئۆلكە رەئىسلىكى قوشۇمچە ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بېرىش ئىلتىماسى بىلەن مەسئۇدنى رەئىسلىككە كۆرسىتىش تەكلىپىگە بىنائەن، 5-ئاينىڭ 20-كۈنى مەسئۇدنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەزاسى، قوشۇمچە رەئىس، ئەيسانى قوشۇمچە شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ باش كاتىپى قىلىپ تەيىنلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن، «شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» ھۆكۈمىتى گومىنداڭ مەركىزى ھۆكۈمىتى بىلەن ئېلىپ بارغان ئاتالمىش «تىنچلىق سۆھبىتى» ئارقىلىق مەجبۇرى قۇراشتۇرۇلۇپ چىقىلغان سۈنئىي «ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت» يىمىرىلىشكە يۈزلىنىدۇ. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، گومىنداڭ دائىرىلىرى ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى يەتتە ۋىلايەتتە جۇمھۇرىيەت ئىنقىلابچىلىرىنى تۇتقۇن قىلىشقا باشلايدۇ. جۈملىدىن، گومىنداڭ دائىرىلىرى 1947-يىلى 7-ئاينىڭ 21-كۈنى يېرىم كېچىگە يېقىن، قەشقەر دارىلمۇئەللىمىنىنى قورشاپ، تۇرغۇن ئالماسىنىمۇ تۇتقۇن قىلىپ، سابىق گومىنداڭ 42-كورپۇسىنىڭ قەشقەر يېڭى شەھەر ناھىيىسىدىكى ھەربىي تۈرمىسىگە قامايدۇ. ئۇنىڭ بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ مۈرىنى-مۈرىگە تىرەپ بىللە كۈرەش قىلغان سەپداشلىرىدىن قاسىمجان قەمبىرى، ئابلىز مۇھەممىدى، ئابلەق ئەزىزى، ئالىمجان، نىزامىدىنلارمۇ ئوخشاشلا بىر ۋاقىتتا

تۇتقۇن قىلىنىپ، ئوخشاش بىر تۈرمىگە قامىلىدۇ. ئۇ، سولاقتا ياتقان چاغلىرىدىمۇ «گۈزىلىم» قاتارلىق ئىنقىلابىي جەڭگىۋار شېئىرلارنى يېزىپ، ئۆزىنىڭ ئىنقىلابىي ئۈمىدۋارلىقى بىلەن سۇنماس ئىرادىسىنى نامايان قىلىدۇ. غۇلجا ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ قەتئىي تەلپى ھەم خەلق ئاممىسىنىڭ قاتتىق بېسىمى ئاستىدا، ئۇ، 1949-يىلى 4-ئاينىڭ 8-كۈنى تۈرمىدىن سەپداشلىرى بىلەن بىرگە قويۇپ بېرىلىپ، ئۇزۇن ئۆتمەي يەنە ئۇلار بىلەن بىللە ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئۆلكىلىك ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئۇيۇشمىسىدا ئىشلەيدۇ. تۇرغۇن ئالماس، ئۈرۈمچىدىكى مەزگىلىدە داۋاملىق خىتاي مۇستەملىكچى دائىرىلىرىگە قارشى پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانغانلىقى ئۈچۈن، بۇرھان شەھىدى غۇلجا ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ مەسئۇلى ئەخمەتجان قاسىمغا تېلېفون بېرىپ، تۇرغۇن ئالماسنى غۇلجىغا ئېلىپ كېتىشنى تەۋسىيە قىلغان. شۇنىڭ بىلەن، شۇ يىلى 8-ئايدا تۇرغۇن ئالماس غۇلجىغا كېلىپ «ئالغا» گېزىتىدە تەھرىر بولۇپ ئىشلىگەن.

سوۋېت ئىتتىپاقى، 1945-يىلى 8-ئاينىڭ 15-كۈنى موسكۋادا تۈزۈلگەن «سوۋېت-جۇڭگو دوستلۇق ئىتتىپاقلىق كېلىشىمى» نىڭ روھىغا ئاساسەن، ئۆزىنىڭ دۆلەت مەنپەئىتى ئۈچۈن، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر قاتارلىق خەلقلەرنىڭ خىتاي ھاكىمىيىتىگە قارشى كۈچلۈك ئىرادىسىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ مەنىۋى ھەم ماددىي ياردىمى بىلەن 1944-يىلى 11-ئاينىڭ 12-كۈنى غۇلجىدا ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلىپ قۇرۇلغان «شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» ھۆكۈمىتىنى گومىنداڭ مەركىزى ھۆكۈمىتى بىلەن ئاتالمىش «تىنچلىق سۆھبىتى» ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇرلاپ، 1945-يىلى 9-ئاينىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ مىللىي ئارمىيىمىزنىڭ ماناس دەرياسى بويىغا يېتىپ كەلگەن مۇنتىزىم ھۇجۇمىنى ھەم شەرقى ۋە جەنۇبىي فرونتتىكى كەڭ كۆلەملىك پارتىزانلىق ئۇرۇشلىرىنى مەجبۇرى توختىتىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقى، ئاتالمىش «تىنچلىق سۆھبىتى» ھەم ئۇنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى بولغان ئادەم ئالدايدىغان «ئون بىر ماددىلىق بىتىم» قارقىلىق «شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى»نى پۈتۈن سىستېمىسى بويىچە يۇمشاق ھەم قاتتىق ۋاستىلەر ئارقىلىق 1945-يىلى 9-ئاينىڭ ئاخىرىدىن 1949-يىلى 12-ئاينىڭ

ئاخىرىغىچە قاتتىق كونترول قىلىپ، 1949-يىلىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىگە كەلگەندە، جۇڭگودا گومىنداڭدىن ھاكىمىيەتنى تارتىۋالغان كومپارتىيىگە تۇتۇپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرلار 1680-يىلى ئەڭ ئاخىرقى مۇستەقىل دۆلىتى يەكەن خانلىقىنى يوقاتقاندىن كېيىنكى ئىككى يۈز ئاتمىش توققۇز يىللىق مۇستەملىكە تارىخى ئىچىدىكى ئۆز مۇستەقىللىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتىكى تۆتىنچى قېتىملىق پۇرسەتتىن يەنە مەھرۇم قالدۇ!.

تۇرغۇن ئالماس، 1950-يىلى 4-ئايدا خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن قەشقەرگە قايتىپ كېلىدۇ. ئۇ،1950-يىلى 5-ئايدىن 1953-يىلى 7-ئايغىچە قەشقەر ۋە ئۈرۈمچىدە جامائەت خەۋپسىزلىك ساھەسىدە مەسئۇل خادىم بولۇپ ئىشلەش جەريانىدا كومپارتىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئاتالمىش «مىللەتلەر باراۋەرلىكى» قالپىقى ئاستىدىكى «چوڭ خەنزۇچىلىق ئاسسىمىلياتسىيە» سىياسىتىنىڭ ھەقىقىي ئەسلى ماھىيىتى تونۇپ يېتىدۇ. تۇرغۇن ئالماس،1953-يىلى 7-ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك پارتكومىنىڭ ئۇنى ئۆلكىلىك مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا تەيىنلەش بۇيرۇقىنى رەت قىلىدۇ. سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ بىۋاستە ئارىلىشىشى بىلەن شۇ يىلى 8-ئايدا ئۆزىنىڭ تەلىپىگە بىنائەن كەسىپ ئالماشتۇرۇپ ئۆلكىلىك ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىگە يۆتكىلىپ تەھرىرلىك، تەرجىمانلىق ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلايدۇ. ئۆز مىللىتىنىڭ سىياسىي تەقدىرى ئۈستىدە ئويلىنىشنى ھېچقاچان توختاتمىغان تۇرغۇن ئالماس، بۇ ۋاقىتتا، ئۆز تارىخىنى بىلمىگەن بىر مىللەتنىڭ باشقا يات مىللەتلەر تەرىپىدىن ئاسان ئەخمەق قىلىنىپ، ئالدىنىدىغانلىقىنى شۇنداقلا ئۇ مىللەتنىڭ ئازادلىق ھەم مۇستەقىللىققا ئېرىشىشىنىڭ تولىمۇ تەس ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ئوبيېكتىپ ھەقىقەتنى چوڭقۇر تونۇپ يېتىدۇ. ئۇ، جۈملىدىن ئۇيغۇرلاردىكى، ئۆز تارىخىنى بىلمەسلىكتىكى ئەجەللىك ئاجىزلىقنىڭ ناھايىتى ئېغىر ھەم جىددىي مەسىلە ئىكەنلىكىنى ئۆزىنىڭ 40-يىللارنىڭ بېشىدىن 50-يىللارنىڭ بېشىغىچە بولغان ئون يىللىق ئىنقىلابىي ئەمەلىيىتى جەريانىدا چوڭقۇر چۈشىنىپ يەتكەن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ، 50-يىللاردىن باشلاپ تارىخ تەتقىقاتىغا كىرىشىدۇ. ئۇنىڭ، 50-يىللارنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئېلان قىلغان

ئەسەرلىرىگە ئىنگلىز، رۇس ۋە خەنزۇ تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنغان «لەيلىگۇل» داستانى بىلەن 1955-يىلى مەملىكەت بويىچە بىرىنچى دەرىجىلىك ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن «قىزىل بايراق» پوۋېستىنى ۋەكىل قىلىشقا بولىدۇ.1957-يىلى ئۇنىڭ «تارىم شاماللىرى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. 1956-يىلى 9-ئايدىن 1957-يىلى 7-ئايغىچە بېيجىڭدىكى لۇشۈن ئەدەبىيات ئىنىستىتۇتىدا ئوقۇيدۇ.1957- يىلى 11-ئاينىڭ 7-كۈنى موسكۋادا ئۆتكۈزۈلگەن رۇسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابى غەلىبىسىنىڭ قىرىق يىللىقىنى تەبرىكلەش مۇراسىمىغا ماۋزېدوڭ باشچىلىقىدىكى جۇڭگو ۋەكىللەر ئۆمىكى تەركىبىدە قاتنىشىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئۈچ ئاي زىيارەتتە بولىدۇ. ئۇ، بۇ ئۈچ ئايلىق زىيارىتى جەريانىدا ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركى مىللەتلەرگە تەئەللۇق بولغان مەشهۇر مەدىنى ھەم تارىخى يادىكارلىقلار شۇنداقلا داڭلىق مۇزېيلارنى ئېكىسكۇرسىيە قىلىدۇ. بۇ پائالىيەتلەر جەريانىدا ئۇنىڭغا ئەڭ زور تەسىر قىلغىنى لېنىنگراد تارىخ مۇزېيخانىسىنىڭ مەسئۇل خادىمىنىڭ ئۇنىڭغا قىلغان ئايرىم سۆزى بولىدۇ. مەسئۇل خادىم تۇرغۇن ئالماسقا مۇنداق دېگەن: «مۇزېيخانىمىزدىكى تارىخى يادىكارلىقلار، سىلەر ئۇيغۇرلار ھەم سىلەرگە قېرىنداش بولغان ھەرقايسى تۈركى مىللەتلەرنىڭ تارىختا قۇرغان بۈيۈك دۆلەتلىرىڭلار بىلەن ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە قوشقان ئالەمشۇمۇل تۆھپەڭلارنىڭ پولاتتەك ئىسپاتى. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، سىلەرنىڭ تارىخىڭلارنى باشقىلار ئەمەس، بەلكى ئۆزۈڭلار يېزىشىڭلار كېرەك!». تۇرغۇن ئالماس، رۇس تىلىنى پۇختا بىلگەچكە، مەسئۇل خادىم بىلەن بىۋاستە سۆزلەشكەن. ئۇ، بۇ ئۈچ ئايلىق زىيارىتى جەريانىدا يەنە «دنىپىر بويىدا»، «بىر تامچە قان» قاتارلىق ئۆلمەس شېئىرلارنى يازغان. ئۇ، ئۈچ ئايلىق زىيارىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ،1958-يىلى 2-ئايدا ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايون» لوق پارتكومىنىڭ ئۇنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ تەشۋىقات بۆلۈمىگە مەسئۇل قىلىش توغرىسىدىكى بۇيرۇقىنى ئىككىنچى قېتىم رەت قىلىدۇ. 1958-يىلى ئۇنىڭ «پىچاق» ناملىق دراممىسى ئېلان قىلىنىپ ئۇزۇن ئۆتمەي شۇ يىلى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنىپ بېسىلغان. ئۇ، 60-يىللارنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا «ساي

بۇلاقلىرى»، «تاغ سەھەر»، «بوران يىغلايدۇ» قاتارلىق كۆچلۈك سىياسىي لىرىكىلىق شېئىرلىرىنى يازغان. 60 ـ يىللارنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا يېزىلىپ تاماملانغان «قەشقەر ھەققىدە قىسسە» ناملىق تارىخى رومانى مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىدا مۇسادىرە قىلىنىپ، كېيىن يوقالغان .

جۇڭگو ـ سوۋېت مۇناسىۋىتىدىكى «شېرىن ئاي» لار 50 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ زاۋاللىققا يۈزلىنىپ، 60 ـ يىللارنىڭ باشلىنىشى بىلەن بۇ زىددىيەتلەر ئاشكارا ھالدا مەتبۇئات يۈزىدە كۆرۈلدى.1960 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگوغا ياردەمگە ئەۋەتكەن پۈتۈن ساھەدىكى ئىنژېنېر ھەم خىزمەتچى خادىملىرىنى پۈتۈنلەي قايتۇرۇپ كېتىدۇ.1962 ـ يىلى 4 ـ ۋە 5 ـ ئايلاردا دۇنيانى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى تۇنجى قېتىملىق مۇساپىرلارنىڭ چەتكە قېچىش ۋەقەسى «غۇلجا ـ چۆچەك ۋەقەسى» يۈز بېرىدۇ. مۇشۇنداق ياخشى پۇرسەتنى كۈتۈپ تۇرغان جۇڭگو ھۆكۈمىتى، بۇ ۋەقەنى باھانە قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچى ۋە غۇلجىدىكى كونسۇللىرىنى تاقايدۇ. شۇنىڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆزىنىڭ دۆلەت مەنپەئىتى ئۈچۈن، مۇستەقىللىق ئۈچۈن ھەرقانداق بەدەل بېرىشكە ھەر ۋاقىت تەييار تۇرىدىغان ھەم ئازادلىققا مەڭگۈ تەشنا ئۇيغۇرلاردىن خۇددى 40 ـ يىللاردا پايدىلانغاندەك، بۇ قېتىممۇ يەنە قايتا پايدىلىنىشنى كۆنتەرتىپكە كىرگۈزىدۇ. شۇ ۋەجىدىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلى 1962 ـ يىلى 5 ـ ئايدىن كېيىن دۆلىتىگە قايتىش ھارپىسىدا، 1946 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى غۇلجىدا ئابدۇكېرىم ئاباسوف باشچىلىقىدا مەخپىي قۇرۇلۇپ، كېيىن ھەرخىل تارىخى سەۋەبلەرگە كۆرە، ئۈن ـ تىنسىز يوقىغان «خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسى» نى قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭ يىگىرمە كىشىدىن تەركىب تاپقان مەركىزى كومىتېتىنى تەشكىللەپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ، ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ قېتىمقى ئۆز مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈشكە چوقۇم ئۈزۈل ـ كېسىل ياردەم بېرىدىغانلىقىنى، ھەرگىز تارىختىكىگە ئوخشاش يېرىم يولدا ئاسىيلىق قىلىپ، خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىگە تۇتۇپ بەرمەيدىغانلىقىنى ۋەدە قىلغان. شۇنىڭ بىلەن، خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسىنىڭ ئىنقىلابى پائالىيەتلىرى مەخپىي ھالدا

ۋەتىنىمىزدە كەڭ كۆلەملىك بىلەن قانات يېيىشقا باشلىغان. تۇرغۇن ئالماس، خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسىنىڭ پائالىيەتلىرىگە ئاكتىپلىق بىلەن قاتنىشىپ، ئۇنىڭ غوللۇق خادىمىغا ئايلانغان. ئۇ، پارتىيە مەركىزى كومىتېتىنىڭ تاپشۇرۇقىغا بىنائەن، پارتىيىنىڭ پروگراممىسى ھەم نىزامنامىسىنى يېڭىدىن قايتا تۈزۈپ چىققان. جۇڭگو ـ سوۋېت مۇناسىۋىتىدىكى زىددىيەت 60 ـ يىللارنىڭ كېيىنكى يېرىمىغا كەلگەندە تەرەققىي قىلىپ قوراللىق توقۇنۇش دەرىجىسىگە يېتىپ بارغان. بۇ، 1967 ـ يىلى 1 ـ ئايدا باشلانغان قوراللىق توقۇنۇش 1969 ـ يىلى 3 ـ ئايغا كەلگەندە يۇقىرى پەللىگە يەتكەن. ئەينى ۋاقىتتا «بىرىنچى نومۇرلۇق تەۋەككۈلچى» دەپ نام ئالغان ماۋزېدوڭ باشچىلىقىدىكى جۇڭگونىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا بولغان ئۆكتەملىكى پەللە چېكىگە يەتكەن. جۇڭگونىڭ ئۆزىگە بولغان بۇ خىل چەكتىن ئاشقان ئۆكتەملىكىگە نىسبەتەن، سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆزىنىڭ ھەربىي كۈچ جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكى، بولۇپمۇ يادرو قوراللىرى جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكىدىن پايدىلىنىپ، جۇڭگونى يادرو قوراللىرى ھۇجۇمى بىلەن پالەچ ھالغا چۈشۈرۈش ئىرادىسىگە كەلگەن. شۇنىڭ بىلەن 1968 ـ يىلىنىڭ بېشىدىن باشلاپ خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسىگە بولغان مەنىۋى ۋە ماددىي جەھەتتىكى ياردىمىنى كۈچەيتىپ، ئۇنىڭ پائالىيىتىنى پۈتۈن ۋەتىنىمىز مىقياسىدا جانلاندۇرۇپ، ئومۇميۈزلۈك قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش تەييارلىقىنى كۈچەيتكەن. سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆزىنىڭ جۇڭگوغا قارىتا يۈرگۈزمەكچى بولغان يادرو قوراللىرى ھۇجۇمىنى 1969 ـ يىلى 9 ـ ئايدا باشلىماقچى بولغان. ھۇجۇمنى رەسمىي باشلاش ئالدىدا يەنى شۇ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ئۆزىنىڭ پىلانىنى ئامېرىكىغا ئۇقتۇرۇپ، ئۇنىڭ بىتەرەپ تۇرۇشىنى تەلەپ قىلغان. لېكىن، ئامېرىكا نىكسۇن ھۆكۈمىتى سوۋېت ئىتتىپاقىغا بەرگەن جاۋابىدا، ئامېرىكىنىڭ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بۇ پىلانىغا قوشۇلمايدىغانلىقىنى، ئەگەردە سوۋېت ئىتتىپاقى ھۇجۇمنى باشلىسا، ئامېرىكىنىڭمۇ ئوخشاشلا يادرو قوراللىرى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. ئامېرىكا، ئارقىدىنلا يەنە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بۇ پىلانىنى «ۋاشىنگتون پوچتا گېزىتى» ئارقىلىق جۇڭگوغا خەۋەر قىلغان. بۇ سەۋەبكە كۆرە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يۇقىرىقى پىلانى ئەمەلگە ئاشماي قالغان. شۇنىڭ بىلەن خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسىنىڭ بۇ قېتىمقى ئومۇميۈزلۈك قوزغىلاڭ

كۆتۈرۈش پىلانىمۇ ئەمەلگە ئاشمىغان. 1970 ـ يىلىنىڭ بېشىغا كەلگەندە ئۇنىڭ پائالىيەتلىرى پاش بولۇشقا باشلاپ، ئۇنىڭ ئەزالىرى قولغا ئېلىنغان ۋە ئېتىلغان. ئېتىش ھوقۇقلىرى ناھىيەلەرگىچە بېرىلگەن. شۇ قاتاردا 1970 ـ يىلى 8 ـ ئايدا تۇرغۇن ئالماسمۇ خائىنلارنىڭ ساتقۇنلۇق قىلىشى بىلەن قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلانغان. شۇ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ئۈرۈمچىدە، مۇھەممەت ئىمىن ئىمىنوف (ئۇ، دوختۇرخانىدا ئوكۇل ئارقىلىق ئۆلتۈرۈلگەن.) باشچىلىقىدىكى خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسىنىڭ ئوتتۇز نەپەر غوللۇق ئەزاسى ئېتىلغان. سوۋېت ئىتتىپاقى، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەتىنىمىزدىكى بۇ مۇستەملىكىچىلىك قانلىق قىرغىنچىلىقىنى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا ئەمەلىي پاكىتلار بىلەن پاش قىلىپ، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ ئىنسانىيەت ئالدىدا ئۆتكۈزۈۋاتقان جىنايى ھەرىكىتىنى توختىتىش توغرىسىدىكى كەڭ ـ كۆلەملىك ئەيىبلەشلىرى ھەم قاتتىق بېسىم ئىشلىتىش ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈرۈپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنى ۋەتىنىمىزدە ئېلىپ بېرىۋاتقان بۇ مۇستەملىكىچىلىك قانلىق قىرغىنچىلىقىنى نىسپىي توختىتىشقا مەجبۇر قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، كېيىنكى تۈركۈمدىكى ئېتىلىش تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلگەن تۇرغۇن ئالماس ۋەكىللىكىدىكى ئىنقىلابچىلار بەختكە يارىشا ئۆلۈمدىن ساق قالغان.

يۇقىرىقى سەۋەبلەرگە كۆرە، ئۇيغۇرلار ئۆز مۇستەقىللىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتىكى بەشىنچى قېتىملىق پۇرسەتتىن يەنە بىر قېتىم مەھرۇم قالغان!.

تۇرغۇن ئالماس، 1977 ـ يىلى 10 ـ ئايدا يەتتە يىللىق زىندان ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، يورۇقلۇققا چىقىدۇ. ئۇ، يەتتە يىللىق تۈرمە ھاياتىدا چىدىغۇسىز روھى ۋە تەنىي جەھەتتىكى قىيناشلار ـ غا بەرداشلىق بېرىپ، ئۆز ئېتىقادى ئۈچۈن يېڭىلمەس روھقا ئىگە سۇنماس ئىرادىلىك بىر ئىنقىلابچى ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىدۇ. ئۇ، تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن، 40 ـ ۋە 50 ـ ھەم 60 ـ يىللاردىكى شېئىر، دراما، ھېكايە، پوۋېست ۋە رومان ئىجادىيىتى ھەم تارىخ ساھەسىدىكى تەتقىقات خىزمىتىگە قاراتماقچى بولغان ۋاقىتلىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى قارا سىياسىي بوران ـ چاپقۇنلارنىڭ يۇتۇپ كەتكەنلىكىگە ئېچىنىپ، نۆۋەتتە بارلىققا كەلگەن نىسپىي تىنچلىقنىڭ ئۇزۇنغا

بارمايدىغانلىقىغا، ئۆزىدە بار بولغان چوڭقۇر سىياسىي بىلىم ۋە مول سىياسىي تەجرىبىلىرىگە ئاساسەن شەرتسىز ئىشىنەتتى. شۇڭا ئۇ، بۇ نىسپىي تىنچلىق ئۇنىڭغا يارىتىپ بەرگەن ھەربىر مىنۇت ۋاقىتنى قەدىرلەپ، مىللەتنى روھى ھەم مەنىۋى جەھەتتىن ئويغىتىش ئۈچۈن، قولىغا قايتا قەلەم ئېلىپ، ئۆزىنىڭ 50 ـ يىللاردا باشلىغان تارىخ تەتقىقاتىغا ئاساسەن 1980 ـ يىلىدىن باشلاپ تارىخى ئىجادىيەتكە ئالاھىدە كىرىشىپ كېتىدۇ.

ئۇنىڭ، 1980 ـ يىلىدىن 1990 ـ يىلغىچە بولغان ئون يىل ئىچىدىكى ئىجادى پائالىيەتلىرى تۆۋەندىكىلەر: ئۇ، بۇ ئون يىل ئىچىدە «ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا ماكانى توغرىسىدا»، «ئوغۇزنامە ئېپوسى ھەققىدە»، «ئەپسانە ۋە رىۋايەتلەر ھەققىدە» قاتارلىق قىرىق پارچىدىن ئارتۇق ئىلمى ماقالە ئېلان قىلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك كېلىپ چىقىشى، ئەدەبىياتى، مەدەنىيىتى ۋە تارىخى توغرىسىدا ئۆزىنىڭ ئەڭ يېڭى قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بۇ ساھەسىدىكى بەزىبىر چىگىش مەسىلىلەرنى ھەل قىلدى. ئۇنىڭ، «تاڭ سەھەر» ناملىق شېئىرلار توپلىمى 1982 ـ يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. ئۇ، 1983 ـ يىلى 1 ـ ئايدا بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن «مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر تارىخى تەتقىقاتى ئىلمى مۇھاكىمە يىغىنى» غا قاتنىشىپ، ئۆزىنىڭ ئۇيغۇرلار تارىخى تەتقىقاتىدىكى ئوبيېكتىپ ھەم رېئاللى بولغان ئەڭ يېڭى ئىلمى قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، يىغىندىكى كەسپداشلىرىنى ھەيران قالدۇردى. يىغىننىڭ ئاخىرلىشىش ھارپىسىدا، جۇڭگو مۇستەملىكچىلىرىنىڭ جەنۇب تەرەپتىكى گۇاڭشى مۇستەملىكە رايونىدىن كەلگەن جۇاڭزۇ مىللىتىدىن بولغان بىر تارىخشۇناس تۇرغۇن ئالماس بىلەن ئايرىم سۆزلىشىپ، ئۇنىڭغا: «مەن، سىزنىڭ ئوز مىللىي تارىخىڭىز توغرىسىدىكى كۈچلۈك ئىلمىيلىققا ئىگە بولغان مەنتىقلىق ھەم دادىل قاراشلىرىڭىزغا قايىمەن. يىغىنغا قاتناشقان خەنزۇ تارىخشۇناسلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ سىزنىڭ بۇ قاراشلىرىڭىزغا قايىل بولۇشقانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشتى. سىلەر ئۇيغۇرلار، تارىختىكى دەھشەتلىك قىرغىنچىلىقلاردا قىرقىلىپ تۈرساڭلارمۇ يەنىلا ئۆسۈپ يوقالمىدىڭلار !. شۇڭا، بىز سىلەرگە قايىل. ئەمما بىز ھەرخىل سەۋەبلەرگە كۆرە سىلەردەك باتۇرلۇق كۆرسىتەلمەي،

ئاسسىمىلياتسىيە بولۇش قەدىمىمىز تېزلىشىۋاتىدۇ !. شۇڭا، بىزنىڭ ئەھۋالىمىز خەتەرلىك! سىز بىلەن تونۇشقىنىمغا خۇشالمەن. ئالاقىلىشىپ تۇرايلى.» دېگەن. ئۇ، بۇ مەزگىلدە، 1933 ـ يىلى 3 ـ ئايدا تۇرپاندا جاللات شىڭشىسەي تەرىپىدىن قىلىچ بىلەن چېپىپ ئۆلتۈرۈلگەن مەشھۇر شائىر ۋە ئىنقىلابچى ھەم ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇنەۋۋەر پەرزەنتى ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ «ئىنقىلابى قۇربان» دېگەن نامىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتە، زور خىزمەتلەرنى ئىشلىدى.

ئۇنىڭ، يىرىك ھەجىمدىكى تارىخى ئەسەرلىرى «قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» (1985 ـ يىلى 10 ـ ئايدا) بىلەن «ھونلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» (1986 ـ يىلى 10 ـ ئايدا) قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتىدا، «ئۇيغۇرلار» 1989 ـ يىلى 10 ـ ئايدا شىنجاڭ ياشلار ئۆسمۈرلەر نەشرىياتىدا ئارقا ـ ئارقىدىن نەشر قىلىندى. ئۇ، ئارقىدىنلا يەنە «تۈركلەر»، «ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى» ناملىق ئىككى پارچە يىرىك تارىخى ئەسىرىنى نەشرگە تاپشۇردى.

تۇرغۇن ئالماس، يۇقىرىقى بەش پارچە ئەسىرىدە ئۆزىنىڭ ئۇزۇن يىللار جەريانىدىكى تارىخ تەتقىقاتىدا ئۇيغۇر، تۈرك، خەنزۇ ۋە باشقا چەتئەل تارىخ مەنبەلىرىدىكى ئۇيغۇرلار ھەم ئۇلارغا قېرىنداش بولغان ھەرقايسى تۈركى مىللەتلەر توغرىسىدىكى ئوبيېكتىپ مەلۇماتلاردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئانا ماكانى ئوتتۇرا ئاسىيادا بارلىققا كېلىپ، بىرقانچە مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە قەدىمى بىر مەدەنىيەتلىك مىللەت بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۆز تارىخىدا كۆپلىگەن بۈيۈك دۆلەتلەرنى قۇرۇپ، ئەركىن ھەم ئازاد ياشاپ، ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىغا ئىجابىي ۋە سەلبىي جەھەتتىن زور تەسىرلەرنى كۆرسەتكەن بىر بۈيۈك مىللەت ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ئوبيېكتىپ ھەقىقەتنى، تارىختىكى ئەمەلىيەت سىناقلىرىدىن ئۆتكەن يىمىرىلمەس پاكىتلار ئارقىلىق سىستېمىلىق مۇقىملاشتۇرۇپ، خىتايلارنىڭ، «شىنجاڭنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئوتتۇرا ئاسىيادا، ئەزەلدىن ئۇيغۇرلار يوق بولۇپ، ئۇلار مىلادى 840 ـ يىلى موڭغۇلىيىدىكى دۆلىتىنى يوقاتقاندىن كېيىن، موڭغۇلىيىدىن شىنجاڭغا كۆچۈپ كېلىپ، كېيىن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ باشقا رايونلىرىغا تارقالغان. شىنجاڭ رايونى، بۇنىڭدىن ئىككى مىڭ يىللار ئىلگىرىكى غەربى خەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھ خەنۇۋدى زامانىسىدا

جۇڭگو خەرىتىسىگە كىرگۈزۈلگەن.» دېگەن تاجاۋۇزچىلىق خاراكتېرىنى ئالغان، مۇستەملىكىچىلىك، مەنتىقىسىز تارىخ نەزەرىيىسى بىتچىت قىلىنغان.

1989 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرى، ئۇنىڭ، تارىخ ئىجادىيىتىدىكى بۈيۈك پىلانلىرى مانا مۇشۇنداق نىسپىي ئوڭۇشلۇق ھالدا ئېلىپ بېرىلىۋاتقاندا، ئۆز شەخسى مەنپەئەتى ئۈچۈن مىللەت مەنپەئەتىنى قۇربان قىلىشتىن باش تارتمايدىغان، مىللىي ۋىجدانى بولغانغان، قارا نىيەتتە ئۇچىغا چىققان بىر قىسىم مىللىي خائىنلار، تۇرغۇن ئالماسنىڭ يۇقىرىقى ئەسەرلىرىگە «مىللىي بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسى تەرغىب قىلىنغان»، «مۇستەقىللىق تەرغىب قىلىنغان»، «پانتۈركىزم تەرغىب قىلىنغان» دېگەندەك سىياسىي بوھتانلارنى چاپلاپ، خىتاي مۇستەملىكىچى دائىرىلىرىنىڭ ئاتالمىش «ئاپتونوم رايون»لۇق پارتكومىغا دوكلات قىلغان. شۇنىڭ بىلەن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم 1990 ـ يىلىنىڭ بېشىدىن باشلاپ، تۇرغۇن ئالماسنىڭ يېزىقچىلىق ھوقۇقىنى ئېلىپ تاشلاپ، ئۇ ھەم ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئۈستىدىكى ئاتالمىش «ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش» نى باشلىغان ھەمدە قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتىغا نەشرگە تاپشۇرغان «تۈركلەر»، «ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى» ناملىق ئىككى پارچە ئەسىرىنى مۇسادىرە قىلغان. ئۇ، يۇقىرىقى سەۋەبلەرگە كۆرە، ئۆزىنىڭ تارىخ ئىجادىيىتىدىكى بۈيۈك پىلانلىرىنى يېرىم يولدا توختىتىشقا مەجبۇر بولغان. يۇقىرىقى نائەھلىي خائىنلار توپىنىڭ «دەرىجىدىن تاشقىرى»لىرى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىگە مەركەزلەشكەن ئىدى .

پارتكومنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن، ۋاكالەتلىك باشچىلىقىدىكى خەنزۇ مۇستەملىكىچى ئەمەلدارلار ھەم جۇڭگونىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىدىكى ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەردىن تەكلىپ قىلىنغان خەنزۇ تارىخشۇناسلارنىڭ كۆرۈشى ئۈچۈن، 1990 ـ يىلى 5 ـ ئايدىن 10 ـ ئايغىچە بولغان بەش ئاي ئىچىدە، تۇرغۇن ئالماسنىڭ نەشردىن چىققان ئۈچ پارچە كىتابىنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسىدىكى كىتاب نۇسخىسى تەييارلىنىپ پۈتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، تۇرغۇن ئالماس ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئۈستىدىكى ئاتالمىش «ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش» 1991 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى تاماملىنىپ، 1991 ـ

يىلى 2 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن 7 ـ كۈنىگىچە ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ يەنئەن مېھمانخانىسىدا قېرى كونا مۇستەملىكىچى جاللات ۋاڭئىنماۋنىڭ بىۋاستە رىياسەتچىلىكىدە ئۇيغۇر مىللىي خائىنلار، ئىچكىرىدىن تەكلىپ قىلىنغان خەنزۇ تارىخشۇناسلار ھەم پۈتۈن مۇستەملىكىچى يۇقىرى دەرىجىلىك خەنزۇ ئەمەلدارلىرى قاتناشقان ئاتالمىش «ئۇيغۇرلار» قاتارلىق ئۈچ كىتابنى «مۇھاكىمە قىلىش يىغىنى»نى چاقىرىپ، تۇرغۇن ئالماس ھەم ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئۈستىدىكى ئومۇمىي تەنقىد ھەرىكىتىنى رەسمىي باشلىغان. يىغىندا، قېرى كونا مۇستەملىكىچى جاللات ۋاڭئىنماۋ، «بىز، كېيىنكى تۈركۈمدىكى ئېتىش تىزىملىكىگە كىرگۈزگەن تۇرغۇن ئالماسنى 1970 ـ يىلى ئېتىپ تاشلىشىمىز كېرەك ئىدى. لېكىن، خەلقئارادىن كەلگەن بېسىم تۈپەيلىدىن مەركەزنىڭ ئاتماسلىق توغرىسىدىكى بۇيرۇق كەپ قېلىپ، ئۇ ئېتىلماي قالغان.» دېگەن سۆزنى ئىككى قېتىم غەزەپ بىلەن تەكرارلاپ، جوزىغا قولىنى ئۇرۇپ، ئىككى قېتىم ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكەن. ئۈچىنچى قېتىم ئورنىدىن تۇرماقچى بولغاندا، ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان پارتكومنىڭ سېكرېتارى مۇستەملىكىچى سوڭخەنلىڭ نامەلۇم سەۋەبلەرگە كۆرە، ئۇنىڭ چاپىنىنىڭ ئاستى تەرىپىدىن تارتىپ، ئۇنى ئورنىدىن تۇرغۇزمىغان. ئومۇمىي تەنقىد ھەرىكىتى باشلىنىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، تۇرغۇن ئالماسنىڭ باش تەتقىقاتچى ئىلمى ئۇنۋانى ئېلىپ تاشلىنىپ، ئۇنىڭ سۆز ـ ھەرىكىتىنى مەخپىي نازارەت قىلىش باشلانغان. تەنقىد مەزگىلىدە خەنزۇ مۇستەملىكىچى دائىرىلىرى، تۇرغۇن ئالماسنى چاقىرتىپ، «سۆھبەت» شەكلىدىكى سوراقلارغا تارتىپ، ئۇنى «پوزىتسىيە» بىلدۈرۈشكە مەجبۇرلاپ، «تۆۋبىنامە» يېزىشقا قىستىغان. لېكىن، ئۇ، ئۆز غايىسى ئۈچۈن ئاخىرقى بىر تامچە قېنى قالغۇچە كۈرەش قىلىدىغان ھەمدە زۆرۈر تېپىلغاندا بۇنىڭ ئۈچۈن قۇربان بولۇشقا ھەر ۋاقىت تەييار تۇرىدىغان قورقماس روھقا ئىگە بىر تىز پۈكمەس ئىنقىلابچىغا خاس مەردانىلىك بىلەن بۇ سۈيىقەست ۋە مەجبۇرلاشلارنى قەتئىي رەت قىلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، ئەينى ۋاقىتتا پارتكوم ئىدېئولوگىيە خىزمىتىگە مەسئۇل بولغان قازاق مىللىتىدىن بولغان مىللىي خائىن جانابىل، بىر قېتىملىق ئومۇمىي تەنقىد سىياسىي يىغىنىدا: «تۇرغۇن ئالماس، نۆۋەتتە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئۇ ھەم ئۇنىڭ ئەسەرلىرىگە قارشى ئومۇمىي تەنقىد

ھەرىكىتىدە خاتالىقنى ياخشى تونۇماي، يامان پوزىتسىيىدە بولۇۋاتىدۇ. پارتىيىمىز ئۇنى جازالىيالمايدۇ ئەمەس، بەلكى دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە ئۇنى جازالىيالايدۇ.» دېگەن. ئەڭ يامان بولغان ئېھتىماللىقلارغا تولۇق تەييارلىق كۆرۈپ قويغان تۇرغۇن ئالماس، بۇ خىل تەھدىتلەرگىمۇ پىسەنت قىلمىغان. بۇ ۋاقىتتا، خەنزۇ مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ تۇرغۇن ئالماس ھەم ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئۇستىدىن ئېلىپ بېرىۋاتقان يولسىزلارچە تەنقىدى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغىغان ئىدى. ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىلىش ئارقىلىق مىللەتكە زىيانكەشلىك قىلىشتىن باش تارتمىغان مىللىي خائىنلارنىڭ «دەرىجىدىن تاشقىرى» لىرى پۈتۈن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ نەپرەت-لەنەتلىرىنىڭ بېسىمى ئاستىدا، ئۆزلىرىنىڭ رەزىل شەخسى مەقسەتلىرىگە يېتەلمەي، ئۇنىڭ ئەكسىچە ئەلەم بىلەن ئۇ دۇنياغا ئەجەلسىز سەپەر قىلىپ، ئۇلاردىن ئۇيغۇرلارغا كېلىدىغان تېخىمۇ زور بالايىئاپەتلەر ئازايغان .

دۇنيادىكى بارلىق شەيئىلەرنىڭ مۇتلەق ھەم نىسپىي بولغان شەكىلدىكى ئۆزئارا بىر-بىرىنى شەرت قىلىش، ئۆزئارا بىر-بىرىگە تەسىر كۆرسىتىش ھەم ئۆزئارا بىر-بىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت ئوبيېكتىپ بولغان مۇناسىۋەت قانۇنىيىتى بويىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغانلىقى ھەممىمىزگە مەلۇم. جۇڭگونىڭ ئىچكى قىسمىدا 1989-يىلى ئاپرېلنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا باشلىنىپ، شۇ يىلى 4-ئىيۇندا قانلىق باستۇرۇلۇش بىلەن خۇلاسىلەنگەن خەنزۇلارنىڭ دېموكراتىيىنى تەلەپ قىلىش ھەرىكىتى جۇڭگونى ئۆز ئىچكى قىسمىدا ۋەھىمىگە سېلىپ، سىلكىندۈرگەن ئىدى.

خەلقئارادا، 1985-يىلى 3-ئايدا گورباچېۋنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا ھاكىمىيەت ئۈستىگە چىقىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۆزىنىڭ «يېڭى تەپەككۇر» ئىدىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئىچكى ۋە تاشقى جەھەتتىكى سىياسەتلىرىدە زور يېڭى تەڭشەشلەرنى ئېلىپ بېرىشى نەتىجىسىدە، سوۋېت ئىتتىپاقى ئىچكى قىسمىدا سىياسىي ۋە ئىقتىسادى جەھەتتىكى ئىسلاھات ھەرىكىتى تېزدىن جانلىنىپ، مىسلى كۆرۈلمىگەن دېموكراتىيە ۋەزىيىتى بارلىققا كېلىدۇ. تاشقى دۇنيادا بولسا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئامېرىكىنى مەركەز قىلغان غەرب ئەللىرى بىلەن 2-دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلىشىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، يەنى 1946-يىلى 3-

ئايدىن باشلاپ شەكىللەندۈرگەن «سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى» مۇناسىۋىتىدىكى «مۇز» لار ئېرىپ، دۇنياۋى دېموكراتىيە، ئەركىنلىك، مىللىي ئازادلىق ھەم مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتى شىددەت بىلەن كۈچىيىشكە باشلايدۇ .

يۇقىرىقى سەۋەبلەرگە كۆرە، 1990 ـ يىلى 10 ـ ئايغا كەلگەندە، شەرقى ياۋروپادىكى سوتسىيالىستىك دۆلەتلەر سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كونتروللۇقىدىن ئۈزۈل ـ كېسىل قۇتۇلۇپ، تولۇق مۇستەقىللىققا ئېرىشىدۇ.1991 ـ يىلى 6 ـ ئايغا كەلگەندە، يۇگوسلاۋىيە سوتسىيالىستىك فېدېراتسىيە جۇمھۇرىيىتىدىكى باشقا جۇمھۇرىيەتلەر سىربىيلارنىڭ مۇستەملىكىسىدىن قۇتۇلۇپ، مۇستەقىل بولۇشقا باشلايدۇ.1991 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقىدا يۈز بەرگەن سىياسىي ئۆزگىرىش مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى باشقا جۇمھۇرىيەتلەر رۇسلارنىڭ مۇستەملىكىسىدىن قۇتۇلۇپ، مۇستەقىللىق ئېلان قىلىشقا باشلايدۇ. غەربى ياۋروپا، ئاسىيا، ئافرىقا، لاتىن ئامېرىكا ھەم ئوكيانىيە قىتئەلىرىدىمۇ شۇنداق يۈزلىنىش بارلىققا كېلىدۇ .

جۇڭگو مۇستەملىكىچى مۇستەبىت ھۆكۈمىتى، يۇقىرىقى ئۆزىنىڭ ئىچكى قىسمى ۋە تاشقى دۇنيادا بارلىققا كەلگەن ھەققانىي بولغان دېموكراتىيىنى تەلەپ قىلىش ھەرىكەتلىرى بىلەن مىللىي ئازادلىق ھەم مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر ئىدى . ئومۇمى تەنقىد ھەرىكىتىدىن خەۋەر تاپقان چەتئەل جامائەتچىلىكى، جۇڭگو مۇستەملىكىچى مەركىزى ھۆكۈمىتىگە ئۆزلىرىنىڭ نارازىلىقلىرىنى بىلدۈرۈشكە باشلىغان. شۇنىڭ بىلەن، مەركىزى ھۆكۈمەت باشلىقى جاڭزېمىن ئۆزىنىڭ ۋەتىنىمىزگە تەيىنلىگەن مۇستەملىكىچى ئەمەلدارى سونخەنلاڭ بىلەن قازاق مىللىي خائىن جانابىلنى بېيجىڭغا چاقىرتىپ، ئۇلارنىڭ، تۇرغۇن ئالماس ھەم ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئۈستىدىكى ئومۇمى تەنقىد ھەرىكىتى توغرىسىدىكى دوكلاتىنى ئاڭلىغان. ئۇ، دوكلاتنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلارغا، بۇ ھەرىكەتنىڭ خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ دىققىتىنى قوزغاشقا باشلىغانلىقىنى ئېيتىپ، بۇ ھەرىكەتنى ھازىردىن باشلاپ توختىتىپ، ئاپتورغا ھەرقانداق شەكىلدىكى جازانى بەرمەي، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى ئىلمى ساھە كاتېگورىيىسى بويىچە ھەل

قىلىنغىلار، دەپ بۇيرۇق چۈشۈرگەن .

تۇرغۇن ئالماس، ئۇيغۇرلارنىڭ يوْلەك بولۇشى ھەم خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ بېسىمى ئاستىدا، يەنە بىر قېتىم خەتەردىن ساقلىنىپ قالغان. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئۆزبېكىستاندا مۇكاپاتلانغان. قازاقىستان، سەئۇدى ئەرەبىستان ۋە گېرمانىيىدە رۇسچە، ئەرەبچە، نېمىسچە يېزىقلاردا نەشىر قىلىنغان. بىز، ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى يىرىك ئەسىرى «ئوسمانلىنىڭ قىسقىچە تارىخى» نى 90 ـ يىللاردا يېزىپ تاماملىدى دەپ تەخمىنى جەزملەشتۈرىمىز .

ئۇ، ھاياتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى دەقىقىلىرىدە «مەن 21 ـ ئەسىر ئادىمى»، «ئىپارگۈل» ناملىق ئەڭ ئاخىرقى ئىككى پارچە ئۆلمەس شېئىرىنى يېزىپ، بىزگە قالدۇرغان. ئۇ، ھاياتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى دەقىقىلىرىدىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ خەتەرلىك تەقدىرى ئۈستىدىكى ئەندىشىلىرىنى توختاتالمىغان. ئۇ، ئۆمۈر بويى كۆرەش قىلىپ، ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولغان غايىسى «ئۇيغۇرلارنىڭ ھەقىقىي مۇستەقىللىقى» نىڭ، ئۆزىنىڭ ھايات ۋاقتىدا ئەمەلگە ئاشمىغانلىقىدىن قاتتىق ئېچىنغان!.

تۇرغۇن ئالماس، يۇقىرىقى سەۋەبلەرگە كۆرە، ۋاپات بولۇشتىن بىر يىل ئىلگىرى «چوڭ مېڭە قۇرۇلۇش» كېسىلىگە گىرىپتار بولىدۇ.

دادامنىڭ يۇقىرىقى روھى ۋە تەن سالامەتلىكى جەھەتتىكى ئەھۋاللىرىنى، مەن، ئۇ ۋاپات بولۇشتىن سەككىز ئاي ئىلگىرى، ئۇنىڭ بىلەن ئېلىپ بارغان ئەڭ ئاخىرقى ئىككى قېتىملىق تېلېفون سۆھبىتىمىز( 2001 ـ يىلى 24 ـ ۋە 25 ـ يانۋار، كەچ سائەت 11دە) دە، ئۇ ماڭا ئېيتىپ بەرگەن ئىدى!.

ئەگەر، ئۇنىڭ غايىسى، ئۇ ئارزۇ قىلغاندەك، ئۇ ۋاپات بولۇشتىن ئىلگىرى ئەمەلگە ئاشقان بولسا، مۇستەملىكە بولغان تارىخىمىزدىكى قىرغىنچىلىقلار داۋامىنىڭ 21 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى بىرىنچى دەۋرىدىكى ئەڭ تەرەققىي قىلغان ئەڭ يېڭى ئۇچۇر تېخنىكا ۋاسىتىلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن ئالدىمىزدىكى ئېكرانلاردا خۇددى ئۇزىمىز شۇ نەق مەيداننىڭ ئۆزىدە ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرگەندەك كۆرگەن، تېخى بىرنەچچە ئاينىڭ ئالدىدىلا سادىر بولۇپ، قان ھىدلىرى تېخى كەتمىگەن، ئەڭ يېڭىسى بولغان «5 ـ ئىيۇل ئىرقىي قىرغىنچىلىق ۋەقە»سى بولمىغان، دۈشمەننىڭ ئوقىدا ئەجەلسىز كەتكەن

نەچچە مىڭلىغان ئېغىزدىن سۈتىنىڭ پۇرىقى كەتمىگەن قىز-يىگىتلىرىمىزدىن، ئۈششاق بالىلىرى ۋە ئاياللىرى يالغۇز قالغان قىران ئوغۇللىرىمىزدىن ئايرىلىپ قالمىغان بولاتتۇق !!! بۇ پاجىئەدىن، تۇرغۇن ئالماس ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرىنىڭ ئۇ دۇنيادىكى روھلىرى قانچىلىك ئازابلانغاندۇ؟!

ئۈچ يۈز ئوتتۇز يىل مابەينىدە تۆكۈلگەن قانلار خۇددى پاجىئە ئۈچۈن تۆكۈلۈپ، بىكارغا تۆكۈلدىمۇ؟ ياق! ئۇ قانلار ھەرگىز بىكارغا تۆكۈلمىدى ھەم بىكارغا تۆكۈلمەيدۇ!.

ئىنسانىيەت مىللىي ئازادلىق ۋە مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتى تارىخى، بۇ يولدا تۆكۈلگەن قانلارنىڭ ھەرگىز بىكارغا تۆكۈلمەيدىغانلىقىدىن ئىبارەت ھەقىقەتنى، سان-ساناقسىز ئەمەلىيەتلەر ئارقىلىق ئىسپاتلىغان ھەم ئىسپاتلىماقتا!، شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز خۇددا بېكىتكەن بىر كۈنى، تۇرغۇن ئالماس ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرىنىڭ قەبرىلىرى ئالدىغا بېرىپ، سىلەرنىڭ غايەڭلار «ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىللىقى» بۈگۈن جاكارلاندى، دەپ، چوقۇم تۇۋلايمىز!.

بۇ، ھارماس ئازادلىق جەڭچىسى، 2001-يىلى 9-ئاينىڭ 11-كۈنى ئۈرۈمچىدىكى ئۇيغۇر مىللىي تېبابەتخانىسىدا ئۈرۈمچى ۋاقتى ئەتىگەن سائەت 7:45 دە 80 يېشىدا پىغاندا بىز بىلەن مەڭگۈلۈككە ۋىدالاشتى!.

**ئەسكەرتىش:**

ئىلگىرىكى ھەرخىل مەنبەلەردىكى دادامنىڭ تەرجىمىھاللىرىدا ئورۇن، ۋاقىت، ئۇقۇم، تەبىر قاتارلىق جەھەتلەردە خاتالىقلار مەۋجۇت ئىدى. بۇ قېتىم مەن ئۆزۈم يېڭىدىن يېزىپ چىققان بۇ نۇسخا، بىرقەدەر ئىشەنچلىك. شۇڭا، ۋەتەنداشلارنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى زۆرۈرىيەتلەردە مۇشۇ نۇسخىنى ئىشلىتىشنى ئىلتىماس قىلىمەن.

2010-يىلى 2-ئاينىڭ 17-كۈنى.

# ئىككى قەھرىمان توغرىسىدا ھېكايىلەر

**بۇ يازمىلارنى رەتلەپ تەييارلىغۇچى لۇتپۇللا**

ئىلاۋە: 2008 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ختاي ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ غەلىبىلىرىدىن مەست بولۇپ، ئولىمپىك تەنتەنىسىگە چۆمگەن، ئاتالمىش «جۇڭخۇا» مەدەنىيىتىنى دۇنيا خەلقىگە كۆزـ كۆز قىلىۋاتقان، مۇستەملىكە ئاستىدىكى زېمىنلىرىدا ئەڭ قاتتىق مۇداپىئە تەدبىرلىرىنى يۈرگۈزۈۋاتقان بىر پەيتتە، دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ يىلتىزلىرىدىن بىرى بولغان قەشقەر شەھرىدە ئىككى قەھرىمان ئۆز ھاياتى بەدىلىگە، ئادەم ئىشىنىش قىيىن بولغان بىر مۆجىزە يارىتىپ، دۇنيا خەلقىنى خىرىتىدىن قەشقەرنى ئىزدەشكە مەجبۇر قىلدى. ئۇلۇغ ئەجدادلىرىمىزدىن ئوغۇزخان، باتۇر تەڭرىقۇت، ئالپ ئەر تۇڭا، سۇتۇق بۇغراخان، سەئىدخانلاردىن تارتىپ سادىر پالۋان، تۆمۈر خەلىپە، خوجانىياز ھاجىلارغىچە ۋە ئاشۇلاردەك نەچچە مىڭلىغان تاغ يۈرەك، پاراسەتلىك، ئەل تەقدىرى ئۈچۈن ھاياتىنى ئاتىغان قەھرىمانلىرىمىزنىڭ روھى قەلبىمىزدە، قېنى تومۇرىمىزدا مەڭگۈ ئاقىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ، ئەقلى ئويغاق ئۇيغۇرلارغا ئىشەنچ ۋە ئۈمىد ئاتا قىلدى. ئۆزلىرى يۈرت قوروپ، شەھەر بەرپا قىلىپ نەچچە مىڭ يىلدىن بىرى ياشاپ كېلىۋاتقان ئۆز ماكانىغا سىغمايۋاتقان، ئۆز ماكانىدا سىقىلىۋاتقان بىر قوۋمنىڭ مۇستەملىكە ھۆكۈمرانىغا بولغان قارشىلىقىنىڭ مۇستەملىكىدىن قۇتۇلغۇچە قەتئىي داۋاملىشىدىغانلىقىنى خەلقئالەمگە جاكارلىدى. تۆۋەندە ئاشۇ ئىككى قەھرىماننىڭ ئاجايىپ ئىش ـ ئىزلىرى بايان قىلىنغان خاتىرىلەر ھۇزۇرۇڭلاردا بولىدۇ. ھۆرلۈككە تەلپۈنگەن ئۇيغۇر خەلقى قەھرىمانلىرىنى مەڭگۈ ياد ئېتىدۇ!!!

## بىرىنچى ۋەقە

2008-يىلى 6-ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى، قەشقەر شەھەر شامالباغ يېزىلىق ساقچىخانىغا يېرىم كېچە بولغاندا نامەلۇم ئىككى كىشى ئوت قويۇۋېتىپ قېچىپ كېتىپتۇ. بۇ ئوت قويۇش ئىشىمۇ قىزىق بوپتۇ:

ئۇ كۈنى ساقچىخانىدا ئىككى ئۇيغۇر ساقچى نۆۋەتچىلىكتە تۇرغان ئىكەن. ئولىمپىك بىخەتەرلىكىنى كاپالەتلەندۈرۈش بەلگىلىمىسى بويىچە، ساقچىخانىدا ھەر كۈنى ئاخشامدا ئىككى كىشى نۆۋەتچىلىكتە تۇرىدىغان، جىددىي ۋەقە كۆرۈلسە دەرھال شەھەرلىك ۋە ۋىلايەتلىك ساقچىغا مەلۇم قىلىدىغان تۈزۈم ئورنىتىلغان بولغاچقا، نۆۋەتچىلەر كەچ سائەت 10 دىن، ئەتىگەن سائەت سەككىزگىچە ئۇخلىماي ئولتۇرۇشى كېرەككەن.

يېرىم كېچە سائەت 2:00 بولغاندا، ئىككى بوۋاي ساقچىخانىنىڭ ئىشىكىنى مۇشتلاپتۇ. نۆۋەتچى ساقچىلار قارىسا، ئاقساقال ئىككى كىشى ئىشىك ئالدىدا ھاسىلىرىغا تايىنىپ تۇرغىدەك.

— بىرەر ۋەقە بولدىمۇ؟ بۇ يېرىم كېچىدە كېلىشىپلا؟ — دەپ سوراپتۇ ساقچىلار.

— دېلو مەلۇم قىلغىلى كەلدۇق، خەتەرلىك ئۇنسۇرلارنى بايقىدۇق، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ بوۋايلارنىڭ بىرى.

ساقچىلار «خىزمەت كۆرسىتىدىغان پۇرسەت كەلدى» دەپ ئويلىشىپ، ئىككى بوۋاينى ئالمان-تالمان ساقچىخانا ئىچىگە باشلاپ كىرىپتۇ ۋە قەغەز، قەلەم كەلتۈرۈپ، بوۋايلارنى سۆزلىتىشكە ئالدىراپتۇ. ئىككى بوۋاي ساقچىخانىدا باشقا ئادەم يوقلۇقىنى جەزملەشتۈرگەندىن كېيىن، يانلىرىدىن «شارت» قىلىپ خەنجەرلىرىنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە، ئاجايىپ بىر چاققانلىق بىلەن ئىككى ئۇيغۇر ساقچىنىڭ بوغۇزىغا خەنجەر تەڭلەپ تۇرۇپ سوراپتۇ:

— قورال نەدە؟ دەرھال قورالنى چىقىرىش، بولمىسا قوينى بوغۇزلىغاندەك

بوغۇزلاپ تاشلايمىز!!!

ئىككى ساقچى كۈتۈلمىگەن بۇ پېشكەللىكتىن ھوشىنى يوقىتىپ، غال-غال تىترىگەن ھالدا جاۋاب بېرىپتۇ:

— بۇ ساقچىخانىدا نەدىمۇ قورال بولسۇن؟ سوجاڭدىن(ساقچى خانا باشلىقى) باشقىلارنىڭ قورالى يوق. ئىشەنمىسەڭلار ئاختۇرۇپ كۆرۈڭلار...

ئىككى ساقچىنىڭ يېنىدىن بىر نەرسە چىقمىغاندىن كېيىن، بوۋايلارنىڭ بىرى ساقچىلارنى تامغا نىقتاپ خەنجەرنى تەڭلەپ تۇتۇپ تۇرۇپتۇ. يەنە بىرى بارلىق ئىشكاپلار، تارتمىلارنىڭ قۇلۇپلىرىنى چېقىپ، يوشۇرۇلغان قورالنى ئىزدەشكە باشلاپتۇ. ئەمما بىر سائەتتەك ئاۋارە بولۇپمۇ ھېچنېمە تاپالماپتۇ. بۇ يەردە راستلا قورال يوقلۇقى مەلۇم بولغاندىن كېيىن، بوۋايلارنىڭ غەزىپى تۇتۇپ، ئىككى ساقچىنى چېتىپ باغلاپ، ساقچىخانا ھويلىسىدىكى تۈۋرۈككە مەھكەم تېڭىپتۇ. ئاندىن ساقچىخانا ئىچىدىكى قەغەزلەر، لاتىلار ۋە كۆيىدىغانلىقى نەرسىگە ئوت قويۇپ بېرىپ، بۇ يەردىن كېتىپ قاپتۇ. ئەتىسى، كىشىلەر كۆيۈپ كۈل بولغان ساقچىخانا بىلەن، تۈۋرۈككە باغلانغان ئىككى ساقچىنى كۆرۈپتۇ.

ۋىلايەتلىك ساقچى بىلەن شەھەرلىك ساقچىنىڭ ئەمەلدارلىرى ئالمان-تالمان ۋەقە يۈز بەرگەن يەرگە يېتىپ كېلىپ، ئىككى ساقچىدىن ئەھۋال ئىگىلەپتۇ. ئىككى ساقچى ھەرقانچە قىلىپمۇ ساقال قويۇۋالغان ئىككى «بوۋاي» نىڭ چىرايىنى سۈرەتلەپ بېرەلمەپتۇ. شامالباغ يېزىسىدىن قەشقەر شەھىرىگە كىرىدىغان يول شۇ سائەتتىن باشلاپ قامال قىلىنىپتۇ. ساقچىخانا قۇرۇلۇشى شۇ كۈنىلا باشلىنىپ، 500 دەك دېھقان سەپەرۋەر قىلىنىپ، ئەتىسى ئەسلى شەكلىدە ياسىلىپ بوپتۇ. بۇ توغرىسىدىكى ئۇچۇر قاتتىق قامال قىلىنىپتۇ. ۋەقە يۈز بەرگەن كۈندىن باشلاپ، شۇ رايوندىكى بارلىق گۇمانلىق ئۇنسۇرلار تۇتۇپ ئەكىرىلىپ سوراق قىلىنىپتۇ. ئەمما ھېقىقى جىنايەتچى تۇتۇلماپتۇ.

4-ئاۋغۇست سەمەن يولى ۋەقەسى يۈز بېرىپ، 17 ختاي ساقچىسىنى

ئۆلتۈرگەن، 15 خىتاينى يارىدار قىلغان ئابدۇراخمان ئازاد بىلەن قۇربانجان ھېمىت قولغا ئېلىنغان چاغدا، ھېلىقى باغلاقتا چۈشۈپ قالغان ئىككى ئۇيغۇر ساقچى سوراق مەيدانىغا كەلتۈرۈلۈپ، ئۆزلىرىنى باغلىغان ئادەملەرنىڭ مۇشۇ ئىككىسى شۇمۇ-ئەمەسمۇ، تونۇپ بېرىشكە بۇيرۇلۇپتۇ. ئىككى ئۇيغۇر ساقچىسى ئابدۇراخمان ئازاد بىلەن قۇربانجان ھېمىت سادىر قىلغان 4-ئاۋغۇست سەمەن يولى ۋەقەسىنى ئاڭلىغان بولسىمۇ، بۇ ئىككى كىشىنىڭ ئابدۇراخمان ئازاد بىلەن قۇربانجان ھېمىت ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىكەن. ئۇلار «بىزگە ھۇجۇم قىلغان ئۇنسۇرلار بۇلار ئەمەس. بىزگە ھۇجۇم قىلغۇچىلارنىڭ بوي-بەستى بۇلاردىنمۇ يوغان ئىدى...» دەپتۇ. ئەمەلىيەتتە، ئابدۇراخمان ئازاد بىلەن قۇربانجان ھېمىت بۇ ۋەقەنى ئۆزلىرىنىڭ قىلغانلىقىنى ھېچ ئىككىلەنمەي ئىقرار قىلغان ئىكەن. بۇ ئىككى ساقچىغا نېمىلەرنى دېگەنلىكى، قورال ئاختۇرۇش جەريانى، ئوت قويۇش جەريانى توغرىسىدىكى ئىقرارلىرى بىلەن ئىككى ساقچىنىڭ بايانلىرى پۈتۈنلەي ئوخشاش چىققان ئىكەن.

قىزىقارلىق، بەلكى ھەيران قالارلىق يېرى شۇكى، ئابدۇراخمان ئازاد بىلەن قۇربانجان ھېمىت ئۈستىدىن سوت ئاچقاندا، بۇ ۋەقە تىلغا ئېلىنماپتۇ ۋە ئەيىبنامە ھەم ھۆكۈمنامىگىمۇ كىرگۈزۈلمەپتۇ. بۇنداق ۋەقەدىن يەنە بىر نەچچىسى باركەن.

2008-يىلى 8-ئاينىڭ 4-كۈنى قەشقەردە يۈز بەرگەن «سەمەن يولى ۋەقەسى»نى بەزى قېرىنداشلىرىمىز «خىتاي كوممۇنىست ئىستىبلاسىدىن بۇيانقى 60 يىل ئىچىدە يۈز بەرگەن ئەڭ ئۈنۈملۈك ۋە نەتىجىلىك قارشىلىق» دەپ باھالىغاندا، يەنە بەزى مەدەنىي ئىنقىلابچىلار، سىياسىي شوئارۋازلار، جانباقتى ۋەتەنپەرۋەرلەر خىتاي بىلەن ئوخشاش مەۋقەدە تۇرۇپ، بۇ ھەرىكەتنى تېررورىزمغا باغلاشقا ئۇرۇنۇپ سەپسەتىلەر ساتتى ۋە قارىلاپ باياناتلار ئېلان قىلىشتى ...

«سەمەن يولى ۋەقەسى» نىڭ تارىخى ئەھمىيىتى، ئۈلگىلىك رولى، تەسىرى ۋە قولغا كەلتۈرگەن غەلىبىسىنى ھېچقانداق بىر ئىنقىلابقا سېلىشتۇرغىلى بولماسلىقتىكى ئاددىي سەۋەبلەرنىڭ بىرقانچىسى شۇنىڭدىن

ئىبارەت ئىدى؛

1. بۇ ۋەقە، پۈتۈن دۇنيانىڭ كۆزى خىتايغا تىكىلىپ تۇرغان بىر ۋاقىتتا، ئولىمپىك مۇسابىقىسىدىن 4 كۈن بۇرۇن يۈز بەردى. شۇ سەۋەبتىن دۇنيا مەتبۇئاتىنى لەرزىگە كەلتۈردى. بەزىلەر ئېيتقانغا ئوخشاش «60 يىلدىن بېرى ئەمەلگە ئاشمىغان ئۇيغۇرنى دۇنياغا تونۇتۇش غايىسىنى بىر كۈندىلا ئەمەلگە ئاشۇردى»

2. بۇ ۋەقە، خىتاي ھۆكۈمىتى «شەرقىي تۈركىستان تېرروررچىلىرى»دىن ئەنسىرەپ، ۋەتىنىمىزدە ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە تەرتىپ ساقلاشقا تېرىشىۋاتقان ھەربىي ھالەت تۈسىدىكى جىددىي ۋەزىيەتتە يۈز بەردى.

3. بۇ ۋەقە، ئاددىي خىتاي پۇقرالىرىغا ئەمەس، مەخسۇس خىتاي قوراللىق ساقچى قىسىمغا قارشى ھۇجۇم بولۇشتەك ئالاھىدە خاراكتېرى بىلەن گەۋدىلەندى.

4. بۇ ۋەقەنى قانداقتۇر مۇنتىزىم تەلىم كۆرگەن «تېرروررىستلار» ياكى مەلۇم بىر سىياسىي تەشكىلات ۋە ياكى مەخپىي ھالەتتىكى يوشۇرۇن قوراللىق گۇرۇپپىنىڭ ئادەملىرى ئەمەس، بەلكى ئىككى نەپەر ئاددىي شەھەر پۇقراسى سادىر قىلدى.

5. بۇ ۋەقە، ئەڭ ئاز بەدەل بىلەن، ئەڭ كۆپ دۈشمەن يوقىتىلغان بىر ۋەقە بولدى. قەشقەر چېگرا مۇداپىئە قوراللىق ساقچى ئەترىتىنىڭ 17 خىتاي ئەسكىرى ئۆلدى ۋە 15 نەپىرى يارىلاندى.

يېقىندا بىرىنىڭ سوتتىكى پاراگلارنى نەقىل قىلىپ ئېيتىپ بېرىشە، ئابدۇراخمان ئازاد ۋە قۇربانجان ھېمىت بۇ قېتىمقى جەڭ ئۈچۈن بىر يېرىم يىل تەييارلىق قىلغان. بۇ ئىككى قەھرىمان ئۇيغۇر، سوت مەيدانىدا ئۆزلىرىنى بۇ كۈرەشكە بەل باغلاشقا مەجبۇر قىلغان بىر تالاي ئامىللارنى تىلغا ئېلىپ كېلىپ، مۇنداق بىر ۋەقەنى قوشۇپ قويغان:

«بىر كۈنى، ئەمدىلا پەيلەپ مېڭىشنى ئۆگەنگەن ئىككى ياشلىق بىر

ئۇيغۇر ئوغۇل بالا، خىتاي چېگرا مۇداپىئە قوراللىق ساقچى ئەترىتى دەرۋازىسى ئالدىدا بىر كىچىك توپنى قوغلاپ يۈرۈپ ئويناۋاتاتتى. بالىنىڭ توپى بىر كەمدە دومىلاپ بېرىپ، خىتاي ساقچى ئەترىتىنىڭ دەرۋازىسىدىن كىرىپ كەتتى. بالا توپىنىڭ ئارقىدىن قوغلاپ دەرۋازىدىن كىردى. دەرۋازىدا پوستتا تۇرغان قاراۋۇل خىتايدا ئەگەر زەررىچىلىك ئىنسانىي تۇيغۇ دېگەن نەرسە بولسا، بۇ سەبىي بالىغا يا توپنى ئېلىپ بېرىپ دەرۋازىدىن چىقىرىۋېتىدۇ ياكى بالىنىڭ توپنى ئېلىپ چىقىپ كېتىشىگە سۈكۈت قىلىدۇ ۋە ياكى توپنى دەرۋازا سىرتىغا چۆرۈۋېتىدۇ.

بۇ ئەسكەر ئۇنداق قىلمىدى. بۇ ئەسكەر ئۇدۇل كېلىپ، 2 ياشلىق بىر نارىسىدىنىڭ چاترىقىغا زەردە بىلەن تەپتى. بالا ئوگدىسىغا ئۇچۇپ چۈشتى ۋە بىرلا چىرقىراپ ھوشىدىن كەتتى. بالىسىنىڭ چىرقىرىغان ئاۋازىنى ئاڭلىغان دادىسى يۈگۈرۈپ كىرىپ بالىسىنى قولىغا ئالدى ۋە ھوشسىز ياتقان بالىنى ئۆلۈپتۇ دەپ ئويلىغان بولسا كېرەك، ئۇنى تەپكەن خىتايغا قاراپ ئېتىلدى. خىتاي ئەسكىرى بىرلا ۋارقىراش بىلەن تەڭلا، بىر توپ خىتاي ئەسكەرلەر يوپۇرۇلۇپ چىقىپ، بىچارە دادىنى ھوشىدىن كەتكۈچە ئۇرۇپ، دۇمبالىدى...

بىز بۇ ۋەقەنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆردۇق. ھوشسىز ياتقان دادا بىلەن بالىنى ئېلىپ، دوختۇرغا يۈگۈردۇق. دادا ھەرھالدا ھايات قالدى. ئەمما، ئىككى ياشلىق بىچارە نارەسىدە ئۈچ كۈندىن كېيىن قۇتقۇزۇش ئۈنۈم بەرمەي ئۆلۈپ كەتتى...

ئەقلى-ھوشى جايىدا بولغان، يېتىلگەن ھەربىر ئۇيغۇرنى سىلەر دۈشمەن سانايسىلەر. ئۇيغۇر بولغانلىق ۋە مۇشۇ زېمىننىڭ ئىگىسى بولۇپ قالغانلىق گۇناھىمىز بار. لېكىن 2 ياشلىق بالىدا نېمە گۇناھ؟ ئۇنىڭ دادىسى ئەرز قىلمىغان يەر قالمىدى. ئەرزىنى ئاڭلايدىغان ئادەم چىقمىدى. بۇ خەقنىڭ يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە ھەممىسى بىر بىرىگە ئىگىكەن. ئۇيغۇرغا كىم ئىگە؟ بىز بۇ دەرتلەرگە قانداق چىداپ ياشايمىز؟ بىز مانا شۇ كۈنى بۇ قىساسنى ئېلىشقا قەسەم قىلدۇق. ئاشۇ ئىككى ياشلىق بوۋاقنىڭ ۋە تۇغۇلماي تۇرۇپلا

ئۆلتۈرۈلۈۋاتقان سانسىزلىغان بىگۇناھ نارىسىدىلەرنىڭ قىساسىنى ئېلىشقا قەسەمياد قىلدۇق...»

مىللەتنىڭ ئازاب-ئوقۇبەتلىرىدىن يۈرەكلىرى قان-زەرداب بولۇپ ياشاۋاتقان ئابدۇراخمان ئازاد ۋە قۇربانجان ھېمىت، ئەنە شۇ كۈندىن باشلاپ تەييارلىققا كىرىشكەن. بىر يېرىم يىل پۇختا تەييارلىق قىلغان. خىتاي چېگرا مۇداپىئە قورallىق ساقچى ئەترىتىنى داۋاملىق كۆزەتكەن. دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ پىلانلىرىنى تەكرار مۇزاكىرە قىلغان. قورال ئىزدەپ تاپالماي، ئۆزلىرى ھەپىلىشىپ يۈرۈپ بىر دانە ئادەدىي تاپانچا ۋە بىر نەچچە تال قول بومبىسى ياسىغان. لېكىن بۇلارنى سىناق قىلىدىغان پۇرسەت بولمىغاچ، ماشىنا بىلەن قوغلاپ يۈرۈپ باستۇرۇپ ئۆلتۈرۈشنى ئاساس، ياسىۋالغان قوراللىرىنى (كارغا كەلگەن تەقدىردە) قوشۇمچە ئىشلىتىشنى مۇۋاپىق كۆرگەن ھەم ھۇجۇم كۈنى يەنە يېنىغا پىچاق قىستۇرۇۋېلىشى پىلانلىغان.

نەتىجىدىن مەلۇمكى 32 دۈشمەن يەر چىشلىدى. 17 نەپىرى دوزاخقا ئۇزىتىلدى. 15 نەپىرى يۈرتىغا ھەيدەلدى. مېنى چوڭقۇر ئويلاندۇرغان نەرسە، ئۇلاردىكى ئەقىل-پاراسەت بىلەن سەۋرى-تاقەتنىڭ بىرلىكى. ئاندىن، جەڭ مەيدانىدىكى قەتئىي جاسارەت!

بىردە ھاپىلا-شاپىلا ھەرىكەت قىلىپ، ياراتقان نەتىجىنىڭ تايىنى يوق بىھۇدە زور قۇربان بېرىشلەر ئۈزلۈكسىز داۋام قىلماقتا. «5-ئىيۇل ئۈرۈمچى ۋەقەسى» دە جېنىدىن ئايرىلغان ئەزىز شېھىتلىرىمىزنىڭ ياتقان يېرى جەننەت بولسۇن. ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىۋاتقان قەيسەر ئوغلانلىرىمىزنىڭ ئۇ دۇنيالىق مەرتىۋىسى يۈكسەك بولسۇن! ئەگەر ئاشۇ قۇربان بەرگەن مىڭلىغان سۆيۈملۈك شېھىتلىرىمىزنىڭ يېرىمى ياكى ئوندىن بىرى ئابدۇراخمان ئازاد ۋە قۇربانجان ھېمىتنىڭ تۇتقان يولىدىن ئۈلگە ئالغان بولسا، نەقەدەر بۈيۈك نەتىجىلەر ۋۇجۇدقا چىقار ئىدى ــ ھە؟

## 2 ـ ۋەقە

2008 ـ يىلــى 6 ـ ئاينىــڭ 28 ـ كــۈنى شــەنبە ئاخشــامدا، يەكەن ناھىيىسىدىكى خىتايلار تەرپىدىن ئېچىلغان بىر قاۋاقخانىدا ئىككى خىتاي ساقچىسى ئۆلتۈرۈلگەن، ئــۈچ ئۇيغــۇر ساقچىســى يارىلانغــان بىــر ۋەقە يۈز بېرىپتۇ. بۇ ۋەقەنىڭمۇ ھېچقانداق داغدۇغىسى بولماپتۇ. لېكىن مۇشۇ ۋەقە مۇناسىۋىتى بىلەن يەنە 40 تىن ئارتۇق ئۇيغۇر ياش گۇمان بىلەن قولغا ئېلىنىپتۇ. ئولىمپىكتىن ئىلگىرىكى تازىلاش جەريانىدا، يەكەن ناھىيىسىنىڭ ئۆزىدىنلا 700 دىن ئارتۇق ئۇيغۇر ياش تۇتۇپ كېتىلگەن ئىكەن.

ۋەقەنىڭ جەريانى مۇنداق بوپتۇ:

كەچ سائەت 1:20 مىنۇت ئۆتكەندە، يەكەن شەھەر ئىچىدىكى بىر قاۋاقخانا ئالدىدا بىر تاكسى توختاپتۇ. ئىككى ئۇيغۇر ياش ماشىنىدىن چۈشۈپ، خىتاي قاۋاقخانىسىغا كىرىپ كەپتۇ. كۈتكۈچى خىتاي ئۇلارنى بوش ئورۇنغا باشلىماقچى بولغان ئىكەن، ئۇيغۇرلارنىڭ بىرسى شۇنداق دەپتۇ:

ــ ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىدىكى بىر نەچچە ئاغىنىمىز بىزنى مۇشۇ يەردە ساقلىماقچىدى. شۇلارنى ئىزدەپ كېلىشتىمىز.

ــ ھە ھە، ساقچىلارنى دەمسىز؟ ئۇلار ئارقا تەرەپتىكى باوشياڭدا (خىتاي تەلەپپۇزى ــ ئايرىمخانىدا)، مەن سىلەرنى باشلاپ باراي... ــ دەپتۇ كۈتكۈچى خىتاي قىزى. ئىككى ئۇيغۇر كۈتكۈچىگە ئەگىشىپ بىر ئىشىكتىن چىقىپ، قاۋاقخانىنىڭ ئارقىدىكى خالىي بىر بۆلمىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختاپتۇ. ئۇيغۇر يىگىتلىرى كۈتكۈچىگە رەھمەت ئېيتىپ ئۇنى قايتۇرۇۋېتىپ، ئىشىك ئالدىدا بىر نەچچە دەقىقە تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، يۈزلىرىگە ئاياللارنىڭ نىپىز پايپاقلىرىنى تارتىپ، يانلىرىدىن خەنجەرلىرىنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ، بۆلمە ئىچىگە باستۇرۇپ كىرىپتۇ.

غەرق مەست بولۇپ، بىر بىرىگە گەپ بەرمەي پاراڭغا چۈشۈپ كەتكەن 5 ساقچى، يۈزىگە پايپاق تارتىلغان ئىككى ئادەمنىڭ تۇيۇقسىز ئوقتەك ئېتىلىپ

كىرگىنىنى كۆرۈپ، يۈرەكلىرى ئېغىپ داڭ قېتىپ تۇرۇپ قاپتۇ. ئىككى ئۇيغۇر كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە، ئولتۇرغانلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئۇدۇل كەلگەن يېرىگە بىردىن خەنجەر تىقىشقا ئۈلگۈرۈپتۇ. ئاندىن سورۇندىكى ئۇيغۇر-خىتاينى ئايرىپ، خەنجەر زەربىدىن تولغىنىپ ئىڭراۋاتقان ئىككى خىتاينىڭ شۇ يەردىلا كاللىسىنى ئۈزۈۋېتىپتۇ. يەردە دومىلاپ ياتقان بىر ئۇيغۇرنىڭ پېيىنى كېسىپ تاشلاپتۇ—دە، سومكىسىغا قاچىلىۋالغان بىر بوتۇلكا بېنزىنىنى يەرگە ئېتىپ، ئوت قويۇۋەتكەندىن كېيىن، بۇ يەردىن ئايرىلىپتۇ...

ياردار ئۇيغۇر ساقچىلار ئىككى ئۇيغۇر «جىنايەتچى» چىقىپ كېتىشى بىلەنلا، ھەممە يەرگە ئوت تۇتىشىشقا باشلىغان ئايرىمخانىدىن بىر بىرلىرىنى تارتىشىپ قېچىپ چىقىپ، «قۇتقۇزۇڭلار!!!» دەپ جېنىنىڭ بارىچە ۋارقىراپتۇ. ئىككى خىتاي ساقچىنىڭ ئۆلۈكى ئايرىمخانىدا كۆيۈپ كۈل بولۇپتۇ...

ئۆلگەن خىتايلارنىڭ بىرى، يەكەن ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسى بىرىنچى بۆلۈمنىڭ باشلىقى لىۇ بىن، يەنە بىرى يەكەن ناھىيىلىك قوراللىق ساقچى ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى لىۇ يوڭ ئىكەن. پېيى كېسىۋېتىلگەن ئۇيغۇر بولسا، ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسى جىنايى ئىشلار بۆلۈمىنىڭ باشلىقى تۇرسۇن توگگۈز ئىكەن. قالغان ئىككى ئۇيغۇر ساقچىمۇ ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىدە ئىشلەيدىكەن.

قەشقەر ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسى ئابدۇراخمان ئازاد بىلەن قۇربانجان ھېمىتنى سوراق قىلىش جەريانىدا، يەكەندە يۈز بەرگەن بۇ ۋەقەنىمۇ مۇشۇ ئىككى ئۇيغۇرنىڭ سادىر قىلغانلىقىنى ئېنىقلاپتۇ.

بۇ ۋەقەنى ھېكايە قىلىپ بەرگۈچىنىڭ بىلدۈرۈشىچە، ئابدۇراخمان ئازاد بىلەن قۇربانجان ھېمىتنىڭ سوراق-سوئال ئىشلىرى ساقچىلارغا نىسبەتەن تارىختىكى ئەڭ ئاسان ۋە ئەڭ تولۇق بىر سوراق بولۇپتۇ. بۇ ئىككى ئۇيغۇرنىڭ سوراق-سوئاللىرى بەزى چاغدا 24 سائەتمۇ داۋام قىلىپتۇ. ساقچىلار ئۇيقۇسىزلىققا بەرداشلىق بېرەلمەي سوراقنى توختاتمىسا، ئابدۇراخمان ئازاد بىلەن قۇربانجان ھېمىت سۆزلەشنى توختاتماپتۇ. بۇ ئىككى ئۇيغۇرنى ئىقرار

قىلدۇرۇش ئۈچۈن ھېچقانداق قىيناش ۋاستىلىرىگە ھاجەت بولماپتۇ. ساقچىلار سوراشتىن توختاپ قالسا، ئۇلار «يەنە بار، سۆزلەيمۇ؟» دەپ ساقچىلاردىن سورايدىكەن.

يەكەندە يۈز بەرگەن ۋەقەدە يارىلانغان ئۈچ ئۇيغۇر (بىرى مەڭگۈلۈك مېيىپ بوپتۇ) ساقچىنىڭ بايانلىرى بىلەن، ئابدۇراخمان ئازاد بىلەن قۇربانجان ھېمىتنىڭ ئىقرارلىرىدا پەرق كۆرۈلمەپتۇ. پىيى قىرقىۋېتىلگەن ئۇيغۇر ساقچى بىلەن ھېلىقى ئۆلگەن ئىككى خىتاي، يەكەن ناھىيىسىدە ئۇيغۇرلارغا كۆپ زۇلۇم قىلغان كىشىلەر ئىكەن...

## 3 ـ ۋەقە

ئابدۇراخمان ئازاد بىلەن قۇربانجان ھېمىتنىڭ سوراق جەريانىدىكى ئىقرارلىرىدىن خەۋەر تاپقان ھېلىقى كىشى، يەنە مۇنداق بىر ۋەقەنى سۆزلەپ بەرگەن:

2008 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى چارشەنبە سەھەر سائەت 4:45 مىنۇت ئۆتكەندە، قەشقەر شەھرى ۋىلايەتلىك ساقچى باشقارمىسى يېنىدىكى «ئوي بازار» دېگەن بازاردا (ئۇ يەر خىتاي بازىرى دەپمۇ ئاتىلىدىكەن) يەتتە خىتاينىڭ دۇكىنىغا بىراقلا ئوت كېتىپتۇ.

سائەت 5:30 ئۆتكەندە ئوت ئۆچۈرۈلگەن بولسىمۇ، جەمئىي يەتتە دۇكاننىڭ ماللىرى ئاساسەن كۆيۈپ كۈلگە ئايلىنىپتۇ. ساقچىلار نەق مەيداننى تەكشۈرۈپ، تۆت خىتاي دۇكىنىنىڭ ئىشىكىدىكى قۇلۇپنىڭ قومۇرۇلغانلىقى ۋە ئىچىدىكى ماللارغا بېنزىن چېچىلىپ، ئوت قويۇۋېتىلگەنلىكىنى ئېنىقلاپتۇ. «قەستەن ئوت قويۇپ بۇزغۇنچىلىق قىلىش دېلوسى» دەپ بېكىتىلگەن بۇ ۋەقەنىڭ جاۋابكارلىرى توغرۇلۇق تاكى «4 ـ ئاۋغۇست سەمەن يولى ۋەقەسى» يۈز بەرگەنگە قەدەر ھېچقانداق يىپ ئۇچى تېپىلماپتۇ.

ئابدۇراخمان ئازاد بىلەن قۇربانجان ھېمىتنى سوراق قىلىش جەريانىدا،

سوراققا يېتەكچىلىك قىلىۋاتقان ئاپتونوم رايونلۇق ج. خ نازارىتىنىڭ بىر ئەمەلدارىنىڭ كالللىسىغا، توساتتىن تېخى پاش قىلىنمىغان بىر قىسىم دېلولار ئارىسىدىكى مۇشۇ ۋەقە كەپتۇ.

ــ 9-ئىيۇلدىكى ئوت قويۇش ۋەقەسىنىمۇ سەنلەر سادىر قىلىشتىڭ، شۇنداقمۇ؟ ــ دەپ ئۇدۇللا سوراپتۇ بۇ ئەمەلدار.

ــ شۇنداق، بىز سادىر قىلدۇق، ــ دەپ ئىككىلەنمەي جاۋاب بېرىپتۇ ئابدۇراخمان ئازاد.

ــ ۋەقەنىڭ جەريانىنى سۆزلە!

ئابدۇراخمان ئازاد بۇ قېتىمقى ئوت قويۇش ۋەقەسىنى مۇنداق بايان قىلىپتۇ: ــ بىز بۇ خىتاي بازىرىنى كۆيدۈرۈپ تاشلاشنى ئۇزۇندىن بۇيان كۆڭلىمىزگە پۈكۈپ كەلگەن ئىدۇق. خىتاي دۇكانلىرىغا ئوت قويۇپ بېرىش بىز ئۈچۈن ئانچىكى بىر ئىش بولغاچ، باشقا ئىشلار بىلەن ئاۋارە بولۇپ، بۇ يەرگە چولىمىز تەگمىگەن ئىدى. 7-ئاينىڭ 8-كۈنى، شەھەرگە كىرىپ كېتىۋاتساق، نەنجەنسىنىڭ (قەشقەرنىڭ خىتايلار مەركەزلەشكەن ئايلانما دوقسى) ئالدىدا ساقچى-ئەسكەرلەر ئالدىمىزنى توسۇپ، كىملىك گۇۋاھنامىمىزنى تەكشۈرۈپ، نەگە بارىدىغانلىقىمىز، نېمە قىلىدىغانلىقىمىزنى سوراپ، يانلىرىمىزنى ئاختۇرۇپ بىرمۇنچە ئاۋارە قىلدى. قۇربانجان سەل غۇدۇراپ قويۇۋىدى، ساقچىلار ئېغىزىنى بۇزۇپ تىللاپ، ھازىرلا ئاپىرىپ سولىۋېتىدىغاندەك پوپوزا قىلدى. سىلەر ئولىمپىك بىخەتەرلىكىنى قوغدايمىز دەپ، مانا مۇشۇنداق يولدىن ئۆتكەن-كەچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ جېنىغا بەك تەگدىڭلار. سىلەردىن جاق تويمىغان بىرمۇ ئۇيغۇر قالمىدى. ئەگەر يېنىدا پىچاق چاغلىق بىر نەرسە بولغان بولسا، قۇربانجان شۇ يەردىلا بىر نەچچە ساقچىنى بوغۇزلاپ تاشلايتتى. مەن ئۇنى تارتىشتۇرۇپ ئېلىپ كەتتىم. بىز شەھەرگە ئەسلىدە قۇربانجاننىڭ ماشىنىسىنى ئېلىش ئۈچۈن رېمونتخانىغا قاراپ ماڭغان ئىدۇق. قۇربانجان ئىچىدىكى ئاچچىقنى تەستە يۇتقان بولسىمۇ، يەنىلا كۆڭلى تىنچىماي: «بۈگۈن شەھەردىن قۇرۇق چىقىپ كەتمەيلى، جۇما!؟

ماۋۇ مەرەزلەرنى يەنە بىر پاراكەندە قىلمىساق، مېنىڭ كىچىچە ئۇيقۇم كەلمەيدۇ!». دېدى. ماقۇل دېدىم. ماشىنىنى ئالغاندىن كېيىن، بىر پىلان تۈزەشنى ئويلىدىم. رېمونتخانىغا بارساق، «ماشىنىنى كەچتە پۈتتۈرەلەيمىز» دېدى رېمونتچى. شۇنىڭ بىلەن ئۇياق-بۇياققا مېڭىپ، كوچا ئايلىنىپ ۋاقىت ئۆتكۈزدۇق.

بىر چاغدا، ئويبازار ئالدىغا كەپ قاپتىمىز. كاللامغا، مۇشۇ خىتاي بازىرىنى كۆيدۈرۈۋېتىش خىيالى كىردى. قۇربانجانغا بۇ گەپنى دېۋىدىم، ئۇمۇ دەرھال قوشۇلدى. كەچتە ماشىنىنى ئالغىلى باردۇق. قارىساق، رېمونتچىنىڭ دۇكىنى يېنىدا بىرمۇنچە قۇرۇق پىۋا بوتۇلكىسى تۇرۇپتۇ. سەككىز دانە قۇرۇق بوتۇلكىنى سوراپ ئېلىپ، ماشىنىغا ماي قاچىلاشقا باردۇق. بوتۇلكىلارنىڭ ھەممىسىگە بېنزىن قاچىلىدۇق. قۇربانجان سەھەر سائەت 4:00 كېچە تاكسىچىلىق قىلدى. مەن ھېيتگاھ مەسچىتىنىڭ پەلەمپىيىدە مۇساپىر ئۇيغۇرلار بىلەن مۈگدىشىپ ئولتۇردۇم.

سەھەر سائەت 4:20 ئۆتكەندە بىز ئويبازارغا تاكسىلىق كەلدۇق. ئەتراپتا ھېچكىم بولمىغاچ، چاق كۆتۈرىدىغان لوم تۆمۈر بىلەن تۆت خىتاي دۇكىنىڭ قۇلۇپىنى چېقىپ، ھەر بىر دۇكان ئىچىگە ئىككى دانە بوتۇلكىدىكى بېنزىننى چېچىپ، ئوت قويۇۋېتىپ كېتىپ قالدۇق. ھەممىسىگە 10 مىنۇت ۋاقىت كەتتى. بولغان ئەھۋال مۇشۇ!

(ئىككى قەھرىمان توغرىسىدىكى ھېكايىلەرنىڭ داۋامىنى كېيىنكى ساندىن كۆرۈڭ.)

# ياۋا كەپتەر

ھېكايە

نۇرمەمەت ياسىن ئۆركىشى

يەنە ئاشۇ كۆپكۆك ئاسماندا ئۇچۇپ يۈرگۈدەكمەن. ئوڭۇممۇ-چۈشۈممۇ ياكى ھەر ئىككىلىسى ئەمەسمۇ بىلمىدىم. قانىتىم ئاستىدا غۇر-غۇر شامال ئۇچۇپ ئۆتمەكتە. مەن ھازىر ناھايىتى روھلىنىپ كېتىۋاتاتتىم. ۋۇجۇدۇمدا كۈچ-قۇۋۋەت ئۇرغۇپ تۇراتتى. زەڭگەررەڭ ئاسمان، پارلاق قۇياش نۇرىغا چۆمۈلگەن بىپايان دۇنيا. بۇ نەقەدەر گۈزەل مەنزىرە-ھە!؟ مەن تېخىمۇ روھلىنىپ يەنىمۇ ئېگىز ئۆرلىدىم. كۆز ئالدىمدىكى بۆلجۈرگەنزار غايىب بولدى. ئەمدى ماڭا دۇنيا تېخىمۇ كەڭرى يېيىلىپ كۆز ئالدىمدا بىر يېشىل داستىخاندەك ئوچۇق نامايان بولدى. بۇ ئىلگىرى مەن كۆرۈپ باقمىغان مەنزىرە، مەن كۆرۈپ باقمىغان جايلار ئىدى. لېكىن، مەن ئۇ يەرگە ئۆز ماكانىمدەك مۇئامىلە قىلدىم. ھەممە يەر ئوخشاشلا گۈزەل كۆرۈنەتتى.

تۇيۇقسىز ئالدىمدا مەھەللىلەر، ئۆيلەر كۆرۈندى. پەستە ئۇششاق نەرسىلەر قىمىرلاپ يۈرەتتى. مەن ئۇنىڭ ئانام سۆزلەپ بېرىدىغان ئادەملەر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. لېكىن، ئۇلار ماڭا ئانچە خەتەرلىك ئەمەستەك كۆرۈندى. ئانامغا قېرىلىق يەتكەن بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدىم. يەردە بىچارىلەرچە ئۆمىلەپ يۈرگەن ئاشۇ جانلىقنىڭ كۆكتە ئۇچۇپ يۈرگەن بىزدىن قۇدرەتلىك ئىكەنلىكىگە زادىلا ئىشەنگۈم كەلمىدى. بەلكىم مېنىڭ ئۇلارنى چۈشىنىشكە كاللام يەتمىگەن بولۇشى مۇمكىن. ئىشقىلىپ مەن ئادەملەرنى

ئۇنچە خەتەرلىك ھېس قىلمىدىم. ئانام: «ئادەملەرنىڭ قورسىقىدا ھۈنىرى جىق، پەخەس بولمىساڭ ئۇلار سېنى بىردەمدىلا مەھبۇسقا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ.» دېگەن ئىدى.

بىردىنلا مېنىڭ ئۇلارنىڭ قورسىقىدىكى ھۈنىرىنى بىر كۆرۈپ باققۇم كەلدى. نېمىشقا ئۇلارنىڭ ھۈنىرىنى قورسىقىغا سولىۋالىدىغانلىقىغا ئەقلىم يەتمىدى. ئاستا ـ ئاستا پەسلەپ مەھەللە ئەتراپىنى ئايلىنىشقا باشلىدىم. ماڭا ئەمدى ھەممە نەرسە ئېنىق كۆرۈندى. بۇ يەردە ئادەملەردىن باشقا قوي، كالا، توخۇ، ئىشقىلىپ مەن كۆرۈپ باقمىغان نۇرغۇن نەرسىلەر بار ئىدى. بىر توپ كەپتەرلەر ئاسماندا ئۇچۇپ يۈرەتتى. ئاز بىر قىسمى بولسا، كەپتەرلەر قونۇش ئۈچۈن ياسالغان پەغەز دېگەن نەرسىگە قونۇپ ئولتۇراتتى. مەن ئۇلار بىلەن پاراڭلىشىش ئۈچۈن يېنىغا كېلىپ قوندۇم. پاراڭلىشىش ئۈچۈن قوندۇمۇ ياكى ئارام ئېلىش ئۈچۈن قوندۇمۇ بۇ ئېنىق ئېسىمدە يوق ئىدى. شۇ چاغدىكى تۇيغۇم بەك خىرە ئىدى. ئىشقىلىپ مەن ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا قىزىقىپ قالغان ئىدىم.

ـــ قەيەردىن كەلدىڭ؟ ـــ دېدى ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى يېشى چوڭراق بىرى. مەن ئۇنىڭ مۇشۇ توپنىڭ ئىچىدىكى باشلىقى ئەمەسلىكىنى جەزم قىلالمىدىم. ئۇنىڭ نېمە بولۇشى مەن ئۈچۈن بەرىبىر ئىدى. چۈنكى مەن بۇ توپنىڭ ئەزاسى بولمىغاچقا ئۇنىڭ ماڭا نىسبەتەن ھېچقانداق ئەھمىيەتكە ئىگە تەرىپىنى بايقىغىلى بولمايتتى.

ـــ بۆلجۈرگەن سايدىن، ـــ دېدىم مەن.

ـــ بوۋامدىن ئاڭلىغان. بىزنىڭ ئەجدادىمىز ئاشۇ يەرلىك ئىكەن، بىراق مەن ئۇ يەرنىڭ بىزدىن نەچچە ئايلىق يىراقلىقىنى ئاڭلىغان، ئادەتتە بىز نەچچە كۈنلۈك يولغا ئۇچۇپ بارالمايمىز. بەلكىم سەنمۇ نىشاندىن ئادىشىپ قالدىڭغۇ دەيمەن.

مەن ئۇنىڭ نەچچە كۈنلۈك ئارىلىقنىمۇ ئۇچالمايدىغانلىقىنى ئاڭلاپ ھەيران قالدىم. بەلكىم قىرىلىق يەتكەندۇ، دەپ ئويلىدىم. ئۇ دېگەن بۆلجۈرگەن ساي مەن كەلگەن بۆلجۈرگەن ساي شۇمۇ ـ ئەمەسمۇ ئېنىق ھۆكۈم

قىلالمىدىم. ئەگەر ئۇنىڭ بوۋىسى مەن كەلگەن سايدىن كەلگەن بولسا دېمەك بىز بىر جەمەت تۇغقان بولۇپ قالاتتۇق.

ــ مەن بۇ يەرگە ئېزىپ قېلىپ ئەمەس بەلكى، ئۇچۇشنى مەشىق قىلىۋېتىپ كېلىپ قالدىم. بىر نەچچە كۈنگىچە بىر نەرسە يېمەيمۇ ئۇچالايمەن، ــ دېدىم جاۋابەن. ئۇ ماڭا ھەيرانلىق بىلەن قاراپ قويدى.

ــ بەلكىم سەن ياۋا كەپتەر ئوخشايسەن. ئۇلارنىڭ ھەممىسى شۇنداق دېيىشىدۇ. بىراق بىزدە ئۇنداق جەڭگىۋارلىق يوق. پەقەت قونداق ۋە قەپەستىن باشقىنى ئويلىمايمىز. مەنمۇ مۇشۇ مەھەللىدىن نېرىغا ئۆتۈپ باقمىدىم. ئۆتۈپ نېمە كەپتۇ. قوناي دېسەڭ پەغىزىڭ، ياتاي دېسەڭ قەپىسىڭ تەييار تۇرسا جاپا تارتىپمۇ ئىشىمۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە بالا-چاقىلىق بولۇپ قالدىم؟ ئەمدى ئۇچۇپ نەگە بارارمەن. ئىگىمىزمۇ ياخشى قاراۋاتىدۇ. -دېدى يېشى چوڭ كەپتەر تۇمشۇقى بىلەن پەيلىرىنى تاتىلاپ قويدى.

ــ ئاڭلىسام ئادەملەر بەك قورقۇنچلۇقكەن. ئۇلار بىزنى تۇتۇۋالسا روھىمىزنى قۇل قىلارمىش دەيدۇ، بۇ راستمۇ؟

ــ روھ؟ ــ يېنىمدىكى بىر كىچىك كەپتەر ھەيران قالدى.

ــ بوۋا، روھ دېگەن نېمە؟

ئۇنىڭ روھىنىڭ نېمىلىكىنى بىلمىگىنىدىن مەن تېخىمۇ ھەيران قالدىم. بۇ كەپتەرلەر باللىرىنى قانداق تەربىيىلەيدىغاندۇ؟ روھى بولمىغان ھاياتلىقنىڭ نېمە كېرىكى، روھسىزلىق ئۇلارنى قانداق ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويغان ــ ھە؟ ئۇلار نېمە ئۈچۈن بۇنى چۈشەنمەيدىغاندۇ. گەرچە روھنى، ئەركىنلىكنى سۆزگە قىلغىلى، تىلەپ ئېرىشكىلى بولمىسىمۇ، بىراق بۇ بىچارە كەپتەرلەرگە روھىي ئەركىنلىككە ئىگە بىر ماكانىنىڭ نەقەدەر زۆرۈرلۈكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم. ئۇلار روھ دېگەن سۆزنى ئەسلا ئاڭلاپ باقمىغاندەك قىلاتتى. يېشى چوڭ كەپتەر ھېلىقى سوئال سورىغان كەپتەرنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ سۆزلەشكە باشلىدى.

ــ روھنىڭ نېمىلىكىنى مەنمۇ بىلمەيمەن. ئۇنى مەنمۇ بوۋامدىن

ئاڭلىغان. ھازىر ئىككىنچى قېتىم ئاڭلىشىم. بوۋامغىمۇ بوۋىسى دەپ بېرىپتىكەن. بەلكىم بوۋىسىغىمۇ بوۋىسى دەپ بەرگەن بولسا كېرەك. بوۋام ھەمىشە «بىزدە روھ يوقالغىلى بەك ئۇزۇن زامانلار بوپتىكەن» دەيتتى. بەلكىم بۇ كەپتەرنىڭ دەۋاتقىنى يوقالغىلى بەك ئۇزۇن بولغان ئاشۇ روھ بولسا كېرەك. بىزدە ھازىر روھ دەيدىغان نەرسىنىڭ سايىسىمۇ قالمىدى. ــ يېشى چوڭ كەپتەر ماڭا يۈزلەندى.

ــ دەپ باقە ئوغلۇم، سەن ئۇنىڭ قانداق نەرسىلىكىنى بىلەمسەن؟

مەن گاڭگىراپ قالدىم. ئۆزۈم دېگەن سۆزگە ئۆزۈم جاۋاب بېرەلمەي قالارمەنمىكىن دەپ ئەندىشە قىلدىم.

ــ ياق ھازىرچە بىلمەيمەن، بىراق ئانام سەندە داداڭنىڭ باتۇرلۇق روھى بار، ئۇ كۆنسېرى يىشىپ يېتىلىۋاتىدۇ، دېگەن. ئۇ پىشىپ يېتىلسە چوقۇم بىلىۋالىمەن.

ــ ھە، دېمەك سەندە ئاتاڭنىڭ روھى يېتىلىۋېتىپتۇ. ئەمما ئاتىلار ئەمەس بىر پۈتۈن كەپتەرلەر جەمەتىنىڭمۇ روھى ئاللىبۇرۇن يوقالغان. ئانىمىز بىزگە ئەزەلدىن روھ توغرىلىق سۆزلەپ بەرمىگەن. ئاتىلىرىمىزدىنمۇ ھېچقانداق بىرەر بېشارەت ئىشىتمىدۇق. ھازىرقى دەۋرگە كەلگەندە مەن بۇ سۆزنى باللارغا سۆزلەپ بېرىشىنىمۇ ئۇنتۇپ قاپتىمەن. شۇڭا بىز روھسىزلىق دەۋرىگە ئاللىقاچان قەدەم قويۇپتىمىز. ھەي، ئاشۇ يوقالغان روھىمىزنىڭ زادى قانداقلىقىنى تېپىۋالغان بولساق بەك ياخشى بولاتتى ــ دە. ــ بوۋاي ئېغىر خورسىندى.

ــ سىلەر مۇشۇ روھسىزلىقىڭلار تۈپەيلى ئەۋلادتىن ئەۋلادقا ئادەملەرگە قۇل بولۇپ ئۆتىسىلەر. ئۇلارنىڭ خالىغان چاغدا يەيدىغان تائامىغا ئايلىنىسىلەر. ئۇلار سىلەرنى قۇللۇقتا شۇ دەرىجىگە چۈشۈرۈپتىكى، قويۇپ بەرسىمۇ ھېچيەرگە بارالماي ئۇلارنىڭ تەۋەلىكىدىلا ئۇچىدىكەنسىلەر. كىچىككىنە دانىدىن ئايرىلىپ قېلىشنى خالىماي ئەۋلادلىرىڭلارنىمۇ ئۇزۇڭلاردەك قۇللۇققا تۇتۇپ بېرىپسىلەر. سىلەرگە بىزلەرنىڭ كەپتەرلەر تۈپىدىكىدەك بىر باشچى كېرەككەن. بىراق، بۇ ئەپتىڭلاردا سىلەردىن ئۇنداق

بۈيۈك ئۈمىد كۆتكىلى بولمىغۇدەك. سىلەر ئالدى بىلەن روھىڭلاردىكى ئاشۇ قۇللۇقنى يوقىتىشىڭلار كېرەك. ئەڭ مۇھىمى سىلەر روھىنىڭ نېمىلىكىنى بىلىۋېلىڭلار. سىز نېمىشقا مەن بىلەن بىرىپ ئانامدىن سوراپ كۆرمەيسىز؟ ــ دېدىم مەن يېشى چوڭ كەپتەرگە ھېسداشلىق قىلىپ، مەن بوۋاينىڭ بىلىۋېلىشىنى ئىزدىدىمۇ ياكى ئۆزۈم بىلىۋېلىشىنى ئويلىدىمۇ تازا ئېنىق ئەمەس ئىدى. بەلكىم ھەر ئىككى خىل ھېسسىيات ۋۇجۇدۇمدا تەڭ قۇتراۋاتقاندۇ.

ــ بىر پۈتۈم گۆرگە ساڭگىلىدى. شۇنداق بىخەتەر قەپەسىم تۇرۇپ، روھ ئىزدەپ نەگە بارىمەن. يەنە كېلىپ مەن روھنىڭ نېمىلىكىنى بىلمىسەم، ئۇنى تاپسامۇ نېمە پايدىسى، قارا، روھ بولمىسا نېمە بوپتۇ، يەنىلا مۇشۇ قەپەسىم بىخەتەر ياشىغىلى بولىدىكەنغۇ. يەنە كېلىپ ھېچنېمىگە ئەس قاتمايدىغان روھ دېگەن ئۇ نەرسىنى كۆتۈرۈپ يۈرۈش نەقەدەر جاپالىق.

يېشى چوڭ كەپتەرنىڭ سۆزلىرىنى ئويلاپ كەتتىم. ئۇنىڭ دېگىنى بىر تۇرۇپ توغرىدەك، بىر تۇرۇپ خاتادەكمۇ قىلاتتى. ئەمما ھېچقانداق ياشاش ئېتىقادى ۋە روھى بولمىغان بىر كەپتەر بىلەن روھ توغرىلىق سۆزلىشىش ماڭا نومۇسلۇق ئىشتەك تۇيۇلۇپ كەتتى. بىرىپ بۇ مەسىلىنى ئانامدىن سوراپ باقاي، دەپ ئويلىدىم.

بىر توپ كەپتەرلەر يېنىمىزغا كېلىپ قوندى. ئاندىن ئۆز ئارا گۇگۇكلاشتى. ئۇلارنىڭ بەزى سۆزلىرىنى پەقەت ئۇقمىدىم. بەلكىم ئۆز تىلىدا سۆزلەشسە كېرەك. ئادەتتە بىز تەرەپلەرگىمۇ بەزىدە مۇشۇنداق ياقا يۇرتلۇقلار كېلىپ قالاتتى. ئۇلار كىملەر؟ يېشى چوڭ كەپتەرنىڭ دوستىمۇ ياكى جەمەتىمۇ بىلمىدىم. مەن بىلەن سۆزلەشمەكچىمۇ ياكى ئۆز ئارا پاراڭلىشىۋاتامدۇ پەقەتلا ئۇقمىدىم.

ــ ياخشىمۇ سەن قوزام، ــ يېشى چوڭ كەپتەر يېنىدىكى كىچىك بىر كەپتەرنىڭ پەيلىرىنى چوقۇلاپ ئەركىلىتىپ قويدى.

ــ ياخشى ئەمەس، قورسىقىم ئېچىپ كەتتى. نېمىشقا ئانام ئەمدى دان بەرمەيدۇ؟

ئۇ دان ياكى قوناق دېگەندەك بىر ئىسىمنى ئېيتتى. بەلكىم تېرىق ياكى كەندىر دېگەندۇ. ئىش قىلىپ مەن بىلمەيدىغان ياتلا ئىسىم ئىدى. ھەي، ئادەملەر باشقۇرغان كەپتەرلەر قىزىقكەن. يەيدىغان نەرسىلىرىگىمۇ ھەر خىل ئىسىم قويۇپ يۈرىدىكەن، دەپ ھەيران قالدىم.

ــ ئاناڭ ئەمدى يېڭى ئۇكىلىرىڭنىڭ دۇنياغا كېلىشى ئۈچۈن قۇۋۋەت توپلىمىسا بولمايدۇ. ئادەم كېلىپ دان سېلىپ بەرگۈچە ساقلا، بولامدۇ؟

ــ ياق، ساقلىيالمايمەن. دالاغا بېرىپ ئۆزۈم دان تېپىپ يەپ كېلىمەن.

ــ ئوبدان قوزام، گېپىمنى ئاڭلا. ئۇ يەرگە بارساڭ بەك خەتەرلىك. سېنى ئەسكى ئادەملەر تۇتۇۋېلىپ يەپ كېتىدۇ. بارما بولامدۇ؟!

كىچىك كەپتەر دومسىيىپ جىم بولۇپ قالدى. قارىغاندا بۇ تونۇشتۇرۇش كىچىك كەپتەرنى ئىككىلەندۈرۈپ قويدى ... مەن ئۇلارنىڭ

ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ يەپ كېتىدىغان ئاشۇ ئادەملەر بىلەن يەنە بىرگە ياشىشىنى پەقەتلا كاللامغا سىغدۇرالمىدىم. بەلكىم مەن يېيىش دېگەن سۆزنى خاتا چۈشىنىپ قالغاندىمەن. بەلكىم بۇ ياخشى، قارا دېگەن سۆزدەك بىر سۆز بولۇشىمۇ ئېھتىمال. ياكى بۇ چەت تىلدىن كىرگەن سۆز بولسا مەن مەنىسىنى خاتا ئىستېمال قىلىۋالغان بولۇشۇم مۇمكىن. بىراق بۇ مېنىڭ ئويۇمچە ھەممە كەپتەر بىلىشكە تېگىشلىك مۇھىم سۆز ئىدى. ئانامۇ ھەمىشە ماڭا ئادەملەرنىڭ تۇتۇۋېلىشىدىن، يەپ كېتىشىدىن ھەزەر ئەيلەشنى جېكىلەيتتى. بىراق، ھازىر بۇ سۆزنىڭ مەنىسى بۇ يەردە باشقىچە ئۆزگىرىپ قالغاندەك قىلاتتى. چۈنكى، ئۇلار ئادەملەرنىڭ يېيىشىدىن ھەزەر ئەيلىسە ھەرگىز يەنە ئادەملەر بىلەن بىرگە تۇرمايتتى. قانىتىغا تايىنىپ خالىغان يەرگە ئۇچۇپ كەتسە بولۇۋېرەتتى. بىراق ئۇلار قانىتىنىڭ بارلىقىنىمۇ ئۇنتۇپ قالغان بولسا كېرەك. بەلكىم ياشاپ كۆنۈپ قالغان قەپەستىن ئايرىلىشنى خالىماسلىقىمۇ مۇمكىن.

ــ بوۋا ئۇندىغاندا بىزنىڭ ئىگىمىز ياخشىمۇ؟ ــ كىچىك كەپتەر قېرى كەپتەردىن سول سوراشقا باشلىدى.

ــ ئەلۋەتتە ياخشى.

ــ بىراق، ئۇمۇ بىزنى باشقا ئادەملەردەك خالىسا تۇتۇپ يەيدىغۇ؟

ــ بۇ دېگەن ئوخشىمايدۇ. ئۇ بىزنى قەپەس ئىچىدە باققاندىكىن تۇتۇپ يېسە ھەقلىق. بۇنىڭغا ھېچقايسىمىز قارشىلىق قىلساق بولمايدۇ.

مەن ئاخىرى يېيىش دېگەن سۆزنىڭ ئىستېمال مەنىسىنىڭ ئوخشاشلىقىنى باياتىن ئارتۇقچە گۇمان قىلىپ يۈرگىنىمنى چۈشەندىم.

ــ بىراق ئىگىمىز بەرگەن دانلارنى چوڭلار يەۋېلىپ ماڭا ئاشمىسا، مەن قانداق قىلىمەن؟ مەن كۆنسېرى ئورۇقلاپ، ياشاشقا ئامالسىز قادىم.

ــ سەنمۇ ئاستا ـ ئاستا شۇنداق چوڭ بولىسەن. چوڭلاردىن قانداق يېيىش كېرەكلىكىنى ئۆگىنىسەن. يېيىشكە تېگىشلىك نەرسىنى ھەرگىز باشقىلارغا بەرمەيدىغان بولىسەن. بىز ياشىغان مۇھىت مۇشۇنداق ئوغلۇم.

ــ بىراق، بوۋا بۇ.

ــ بولدى قوزام، جىق سۆزلەپ كەتتىڭ كەپتەر دېگەن قانائەتچان بولۇشى كېرەك، ئارتۇقچە نەرسىلەرنى تالاشماسلىق لازىم. بىلدىڭمۇ؟

ــ ئۇنىڭ ئەركىنلىكىنى بەك بوغۇۋاپسىز، ئۇنىڭغا تېخىمۇ كەڭرەك ئىمكانىيەت بېرىڭ. ئۇ ئۆز ئەركى بويىچە ياشىسۇن. ــ مەن قېرى كەپتەرنىڭ سۆزىگە سۆز قىستۇرۇشنى خالىمىسامىمۇ بىراق سۈكۈت قىلىپ تۇرۇۋەرگۈم كەلمىدى. بۇنداق تەڭسىز مۇھىت مېنىڭچە كەپتەرلەرنىڭ بىر بىرىگە بولغان مېھرىبانلىقىنى يوقىلىش خەۋپىگە باشلاپ باراتتى.

ــ ھەي، سىز بىزنىڭ ۋەزىيىتىمىزنى چۈشەنمەيسىز. ئىگىمىزنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويساق بولمايدۇ. ئەگەر بىرەرسىمىز ئۇنىڭ بەلگىلىگەن دائىرىسىدىن ھالقىپ يوقاپ كەتسەك ئۇ ھەممىمىزنى قەپەس ئىچىگە سولىۋېتىدۇ. نەچچە ئايغىچە سىرتقا چىقالمايدىغان گەپ. ئۇ چاغدا ھازىرقى مۇشۇ كىچىككىنە قونداقتىنمۇ ئايرىلىپ قالىدىغان ئىش چىقىدۇ.

قەپەسنىڭ زادى قانداق نەرسىلىكىگە پەقەت ئەقلىم يەتمىدى. كەپتەرلەر ئۇنىڭغا سولىنىپ قېلىشتىن ھەم ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن بەك

قورقىدىكەن. كەپتەرلەرنىڭ ئەڭ چۈشىنىكسىزى ئادەملەر ئارىسىدىكى كەپتەرلەركەن دەپ ئويلىدىم. بۇ ئويۇمنى بوۋامغا بىلدۈرگۈم كەلدى. بىراق دېدىممۇ دېمىدىممۇ هازىر ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىپتۇ. بەلكىم بىر ئېغىزمۇ رەددىيە ياكى ماقۇللۇق سۆزى بىلدۈرمىدى.

ـــ سىلەر چوڭلار ئاجىزلارنىڭ رىزقىنى يەۋالىدىكەنسىلەر، يەنە كېلىپ ئۇلارنىڭ قارشىلىقىنى چەكلەيدىكەنسىلەر، ئۇنى توغرا ئىشتەك چۈشەندۈرۈشكە تىرىشىدىكەنسىلەر، بۇنداق مۇهىت قانداقمۇ كەپتەر باللىرىنىڭ ئۆسۈشىگە، ياشىشىغا ماس كەلسۇن؟ سىلەر ئۆزۈڭلارنىڭ قانداق هالەتتە ياشاۋاتقانلىقىڭلارنى بىلمىگۈدەك دەرىجىدە بىخۇدلىشىپ كېتىپسىلەر، رەزىللىكتە ئادەملەرگە يېتىشىۋالغىلى تۇرۇپسىلەر، ــ دېدىم مەن.

ـــ ئادەملەرگە تىل تەگكۈزۈشكە بولمايدۇ. ئۇلار بولمىسا بىزنىڭ بۈگۈنىمىزمۇ بولمايدۇ. تەتۈر تەشۋىقلىرىڭىزنى باشقا يەرگە بېرىپ قىلىڭ، ـــ دېدى بوۋاي زەردە بىلەن. مەن بوۋاينىڭ ياخشى كۆڭلۈم ئۈچۈن بۇنچە زەردە قىلغىنىنى چۈشەنمىدىم. بەلكىم ئۇ مەقسىتىمنى چۈشەنمەي قالغان بولسا يەنە چۈشەندۈرۈپ قويۇش كېرەكتۇ.

ـــ سىلەردە مەسئۇلىيەت دېگەن نەرسە يوقكەن. ئۆز ئەۋلادلىرىڭلارنى قاراپ تۇرۇپ ئوتقا ئىتتىرىدىكەنسىلەر، ـــ سۆزۈمنىڭ داۋامىنى تېخى تەسىرلىك چۈشۈرىمەن دەپ ئويلىغانىدىم. بىراق، شۇ ئارىدا تاراق قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ پۇتۇم قاتتىق ئاغرىپ كەتتى. ئۇچۇش ئۈچۈن قانات قاققان بولسامۇ، قانىتىم بوشلۇقتا ئېسىلىپ قالدى. كەپتەرلەر پۇررىدە ئۇچۇپ كەتتى. ئاندىن ئەتراپىمدا ئايلىنىپ ئۇچۇشقا باشلىدى.

ـــ ها، ـــ ها، ـــ ها، ئەركىن ياشىغۇچى، ئاخىرى قەپەسكە چۈشىدىغان بولدۇڭ. سېنىڭ يەنە چوڭ سۆزلىگەنلىكىڭنى بىر كۆرەي.

ئۆزۈمنىڭ قىستۇرمىغان چۈشۈپ قالغىنىمنى هېس قىلدىم. مەن بىردىنلا بوۋاينىڭ مېنى ئەتىگەندىن بېرى گەپكە تۇتۇپ، ئىگىسىنىڭ تۇتۇۋېلىشى ئۈچۈن ئالداپ تۇرغىنىنى چۈشەندىم. قەلبىم چەكسىز ئازابقا تولدى. ماڭا كەلگەن بۇ خەتەر ئادەملەردىن ئەمەس، بەلكى كىچىككىنە مەنپەئەتكە

ئالـدانغان ئـۆز قېرىنداشـلىرىمىزدىن كەلگەنـدى. ئۇلارنىـڭ ئـادەملەرگە ماسلىشـىپ مېنـى تۇتـۇپ بېرىشـى پەقەت كاللامـدىن ئۆتمـىدى ھەم مېنـى بەك ئېچىنـدۇردى. خىيالىمـدا ھەرگىزمـۇ ئادەملەرنىـڭ قولىغـا چۈشـۈپ قالماسـلىق كېرەك، دېگەن ئـىدىيە چاقمـاق تېزلىكـىدە چاقنـاپ ئـۆتتى. ئىككـى پۇتـۇمنى ئۇزۇۋېتەلىسەملا مەن يەنە ئەركىنلىككە ئېرىشەلەيتتىم. شۇڭا بار كۈچـۈم بىـلەن ئىككى تەرەپكە پالاقشىشقا باشلىدىم.

ــ بالام، ئورنۇڭـدىن تۇر، نـېمە بولـدى ساڭا؟ ــ كـۆزۈمنى ئاچسام ئانـام بېشىمدا قـاراپ تۇرۇپتـۇ. خۇداغا شـۈكرى سـاقكەنمەن دەپ ئويلىـدىم. ئىككـى پۇتۇم سىيلاپ باقسام ھېچنېمە بولماپتۇ.

ــ سېنى قارا بېسىپ قاپتۇ، ــ دېدى ئانام.

ــ بەك قورقۇنچلـۇق چـۈش كـۆرۈپتىمەن، ــ دېـدىم ئانـامنى قۇچـاقلاپ تۇرۇپ ۋە چۈشۈمدە كۆرگەنلىرىمنى سۆزلەپ بەردىم.

ــ سەن بۇنىڭـدىن كېيىنكـى ئەۋلادلىرىڭنىـڭ قىسمەتلىرىنى كۆرۈپسـەن ئوغلـۇم. ئـادەملەر كۈنسـېرى بىزنىـڭ ياشـاش مۇھىتىمىزغا قىسـتاپ كـىرمەكتە. ئـۇلار بىزنىـڭ ئەزەلـدىن ياشـاپ كەلـگەن زېمىنىمىـزدىن بىزنـى قـوغلاپ چىقارمـاقچى. يەرلىرىمىزنـى تارتىۋالمـاقچى. ئەۋلادلىرىمىزنىـڭ نەسـلىنى ئۆزگەرتىپ ئاشـۇنداق ئـۆز نەسـلىنى تونۇمايـدىغان قىلىـپ شـالغۇت سـورتلارغا ئايلانـدۇرماقچى. بەلكىـم ئۇزاققـا قالمـاي بـۇ يەرلەرگە ئېگىـز بىنـالار، زاۋۇتـلار سېلىنىشى مۇمكىن. ئۇ چاغدا كېرەكسىز سانائەت مەھسۇلاتلىرى، ئىس تۈتەكلەر ئارىسىدا بىزنىڭ بۇ گۈزەل مـۇھىتىمىز بۇلغىنىـدۇ. شـەھەر ئارىسـىدا قىپقالغان دەريالىرىمىزدا ھازىرقىـدەك شـەربەت سـۇلار ئەمەس. بەلكـى يۇنـدا ئاقىـدىغان بولىـدۇ. ئادەملەرنىـڭ تاجـاۋۇزچىلىقى بەك قورقۇنچلـۇق ئوغلـۇم. سـەن بـۇنى سەزمەيلا قالىسـەن. ئەۋلادلىرىـڭ سـەن ياشـىغان پـاكىز مـۇھىتنى كۆرەلمەيـدۇ. تۇغۇلـۇپلا جاھـان مۇشـۇنداق ئوخشـايدۇ، دەيـدۇ. ئامالسـىز ئۇلارنىـڭ ئىسكەنجىسىگە چۈشۈپ قالىدۇ. ئۇلار بىزنى كۈنسېرى قىستاپ كەلمەكتە. ھەتتا ناھـايىتى يېقىـنلاپ قالـدى. بىـز ئەمـدى باشـقا بىـر چىقىـش يـولى تاپمىسـاق بولمايدۇ. ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز قۇتقۇزمىساق بىزنـى ھـېچكىم قۇتقۇزالمايـدۇ. يـۇر

سىرتقا چىقايلى، ساڭا ئەمدى داداڭنىڭ قىسمىتىنى سۆزلەپ بېرىدىغان ۋاقىت كەپ قالغان ئوخشايدۇ.

ئانام مېنى ئۆزىگە ئەگەشتۈرۈپ سىرتقا ئېلىپ چىقتى. ئەتراپ پۈتۈنلەي ياۋا ئوت چۆپلەر بىلەن تولغان، ھېچقانداق يول ياكى ئىز چۈشمىگەن كەڭرى دالا ئىدى. بۇ دەريا بويىدىكى ئېگىز يارداڭلىق ئىدى. بۇ يەردە نەچچە مىڭلىغان كەپتەرلەر ئۇۋا سېلىپ ئەۋلاد قالدۇراتتى، ئاستىمىزدىلا ئېقىپ ئۆتىدىغان سۈپسۈزۈك دەريا سۈيى بىزگە يېقىملىق ئەللەي ناخشىسى ئوقۇپ بېرەتتى. نەزىرىمدە بۇ يەر جاھاندىكى ئەڭ گۈزەل، ئەڭ بىخەتەر ماكان ئىدى. ئەگەر ئادەملەر بولمىغان بولسا، بىز مەڭگۈ مۇشۇ بەختلىك زېمىندا ياشىغان بولاتتۇق، ھەي ئادەملەر سىلەر زادى...

ــ مانا بۇ سېنىڭ ماكانىڭ. مانا بۇ ئەجدادلىرىڭ ياشىغان زېمىن. سېنىڭ بوۋاڭ، داداڭ، مۇشۇ ماكانىنى گۈللەندۈرۈپ، مۇشۇ كەپتەرلەر توپىغا باشچىلىق قىلىپ ئۆتكەن. شۇڭا، بىزنىڭ ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئىناۋىتىمىز يۇقىرى. شۇنداقلا زىممىمىزدىكى يۈكىمىزمۇ ئېغىر. مەن سېنى داداڭدەك باتۇر ئەزىمەت بولسۇن دەپ، ھەر كۈنى تاڭ سەھەردىلا ئويغىتىپ، نەچچە يۈز چاقىرىم يەرگە ئاپىرىپ، ئۇچۇشنى مەشىق قىلدۇرىمەن. قاناتلىرىڭنىڭ كۈچىنى ئاشۇرىمەن. مۇسكۇللىرىڭنى چىڭىتىمەن. ئەقىل زېھنىڭنى ئۆرغۈتىمەن. ھەر ۋاقىت سەگەك تۇرۇشنى ئۆگىتىمەن. سەن ھازىر جىسمانىي جەھەتتە خېلى پىشىپ يېتىلدىڭ. ئەمدى ئەقلىي جەھەتتە پىشىپ يېتىلىشىڭ كېرەك بالام. ئادەملەردىن ھەر ۋاقىت سەگەك بول. ئۇلار يەردە يۈرسىلا بىزگە چېقىلالمايدۇ دەپ ئويلىما. مىلتىق دېگەن نەرسىسى ئارقىلىقلا ئۇلار سېنى نەچچە مىڭ مېتىر ئېگىزلىكتىن موللاق ئاتقۇزۇۋېتەلەيدۇ. داداڭنىڭ قانداق ئۆلگەنلىكىنى بىلەمسەن؟

ــ ياق، سىز ماڭا تېخى ۋاقتى ئەمەس دەپ، ئېيتىپ بەرمىگەن.

— ئەمدى ۋاقتى كەلدى. مەن نەچچە كۈن ئىلگىرىلا بۇ يەردە بىر قانچە ئادەمنىڭ تىمىسقىلاپ يۈرگەنلىكىنى كۆردۈم. دېمەك ئۇلارنىڭ بىزگە كۆزى چۈشتى دېگەن گەپ. شۇڭا ئۇلار يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن بىز تېخىمۇ بىخەتەر

ماكان تاپمىساق بولمايدۇ، داداڭمۇ دەل ئاشۇ ئادەملەرنىڭ قولىدا جىنىدىن ئايرىلغان.

— ئانا دەپ بېرىڭە، دادام نېمە بولۇپ ئۇلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان؟
—ئانام بىر پەس جىمىپ قالدى. بەلكىم كۆڭلى بۇزۇلۇۋاتقاندۇ، دەپ ئويلىدىم.

— شۇ كۈنى داداڭ بىر توپ كەپتەرلەرنى باشلاپ بىز ئۈچۈن ئوزۇقلۇق ئىزدەپ چىقىپ كەتكەن. ئادەتتە كەپتەرلەر ھەمىشە ئۆزىمىزگە خەتەر يەتمەيدىغان ئوزۇق-تۈلۈك مول جايلارنى تاللايمىز. داداڭ كەپتەرلەرنىڭ باشچىسى بولغاچقا بۇ ئىشقا ۋەزىپە تەبىئىي ھالدا ئۇنىڭ زىممىسىگە چۈشكەن. داداڭ شۇ چىقىپ كەتكەنچە بىر قانچە كۈنگىچە كەلمىدى. مەن ئۇنىڭدىن بەكلا ئەنسىرەپ قالدىم. ئادەتتە بىز يېرىم كۈنلۈكتىن ئوشۇق يول بولسا ئۇۋىلىرىمىزنى يۆتكەيتتۇق. داداڭنىڭ ئۇنچە ئۇزۇنغا ئوزۇق ئىزدەپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس. يۈرىكىم ئۇنىڭ بىر خەۋپكە ئۇچرىغىنىنى سېزىپ تۇردى. ئۇ چاغدا سەن ۋە ئۇكىلىرىڭ ئەمدىلا تۇخۇمدىن چىققانىدىڭلار. شۇڭا سىلەرنى تاشلاپ داداڭلارنى ئىزدەپ بارالمىدىم. ئارىدىن بىر قانچە ئاي ئۆتۈپ، داداڭ بىلەن بىرگە كەتكەن بىر كەپتەر قايتىپ كەلدى. شۇ چاغدىلا قىياسىمنىڭ توغرىلىقىنى، داداڭنىڭ ئادەملەرنىڭ قۇرغان قىلتىقىغا چۈشۈپ قالغىنىنى بىلدىم. كېيىن ئۇنىڭ ئامان قالغان دوستلىرى بىر-بىرلەپ قايتىپ كەلدى. بىراق، داداڭ شۇ كەتكەنچە كەلمىدى. —مەن ئانامنى يىغلاپ سالامدىكىن دەپ ئويلىدىم، بىراق ئۇنىڭ كۆزىدە بىر خىل قەيسەرلىك نۇرى چاقناپ تۇراتتى.

— دادام نېمىشقا قايتىپ كېلەلمەپتۇ؟ — مەن تەقەززالىق بىلەن سورىدىم.

— داداڭ دېگەن كەپتەرلەرنىڭ پادىشاھى. ئۇنىڭدا شۇنىڭغا چۈشلۇق روھ بولۇشى كېرەك. ئەگەر ئۇ ئۆزىنى قوغدىيالمىسا بۇ كەپتەرلەر توپىنى قانداق قوغدايدۇ؟ بىر پادىشاھ باشقىلارنىڭ قۇللۇقى ئاستىدا ياشاپ قانداقمۇ يەنە قايتىپ كېلىپ، بۇ توپقا باشچىلىق قىلالايدۇ. ئۇنىڭ بىردىنبىر يولى

ھەرگىزمۇ باشقىلارنىڭ قۇللۇقىغا بويسۇنماسلىق. داداڭ ئادەملەر تەرىپىدىن تۇتۇلۇپ قەپەسكە سولاپ قويۇلغاندىن كېيىن، بىز ياۋا كەپتەر شاھلار جەمەتىنىڭ ئادىتى بويىچە تىلىنى چىشلەپ ئۈزۈپ ئاپتۇ. ئۇ بىر دەقىقە بولسىمۇ، قەپەستە ياشاشنى ئۆزىگە راۋا كۆرمەپتۇ. قەپەس ئۇنىڭ قىزىل قېنى بىلەن بويۇلۇپتۇ. داداڭ ئادەملەر سېلىپ بەرگەن دان-سۇنى ئىچمەي، يېمەي تورپتوغرا بىر ھەپتە ياشاپ، ئاخىرى ئۇلارنىڭ قولىدا باتۇرلۇق بىلەن قۇربان بوپتۇ. مانا بۇ بىزدىكى ھەقىقىي ئەركىنلىك روھى ئوغلۇم. سەنمۇ داداڭغا ئوخشاش مەڭگۈ ئەركىنلىكنىڭ قوغدىغۇچىسى بول.

— ئانا، دادام نېمە ئۈچۈن باشقا كەپتەرلەردەك پۇرسەت تېپىپ قېچىپ كەلمەيدۇ؟

— داداڭ باللىرىنىڭ قۇل بولۇپ قېلىشىنى خالىمايدۇ. ئۇلار داداڭنى تۇتۇۋېلىپ ئۇنى باشقا كەپتەر بىلەن جۈپلەپ ئەۋلاد قالدۇرماقچى بولغان. بىراق داداڭ ھەرگىزمۇ كېيىنكى ئەۋلادلىرى ئۈچۈن بۇنداق نومۇسلۇق ياشاش مۇھىتىنى قالدۇرۇشقا يول قويمىغان. سەن چۈشۈڭدە كۆرگەن كەپتەرلەر دەل باللىرىنى قۇللۇققا تاشلاپ ھاياتىنى ساقلاپ قالغان كەپتەرلەرنىڭ ئەۋلادى بالام. ئۇلار ھازىرغا قەدەر ئادەملەرنىڭ قولىدا روھىي قۇللۇقتا ياشاۋاتىدۇ. بۇنداق ياشىغاندىن ئۆلۈم مىڭ ئەۋزەل. سەن دەل ئاشۇنداق باتۇر كەپتەرنىڭ پەرزەنتى. سەن مەڭگۈ مۇشۇ روھنى ئۇنتۇپ قالما!

ئانامنىڭ سۆزلىرى روھىمدا ئۇزاققىچە زىلزىلە پەيدا قىلدى. ئۆزۈمنىڭ شۇنداق بىر باتۇر دادىنىڭ پەرزەنتى ئىكەنلىكىمدىن چەكسىز شادلاندىم. ماڭا تېگىشلىك بولغان ئىنتايىن ئېپتىخارلىق، بەختلىك بىر روھنىڭ تېنىمدا بىردىنلا باش كۆتۈرگەنلىكىنى ھېس قىلدىم. پۈتۈن قەلبىم، ۋۇجۇدۇم كۈچ ۋە ئېپتىخارغا تولدى. قەلبىمدىكى بارلىق مۇھەببەت بىلەن ئانامنى مەھكەم قۇچاقلىدىم.

— بارغىن بالام، سېنى ئەلگە، كەپتەرلەر توپىغا بېغىشلىدىم. ئۇلار باشسىز قالمىسۇن. يېقىندىن بېرى ئادەملەر بىزنى ھەر خىل يوللار بىلەن تۇتۇپ كېتىۋاتىدۇ. شۇڭا سەن بىز ئۈچۈن تېخىمۇ بىخەتەر ماكان تاپ. خوش

بالام.

قانىتىم ئانامنىڭ كۆز ياشلىرى بىلەن ھۆللەندى. كۆرگەن چۈشلىرىمنىڭ مۇشۇنداق بىر سەپەرنىڭ بېشارىتى ئىكەنلىكىنى چۈشەندىم. ھەرگىز ئادەملەرنىڭ قىلتىقىغا چۈشۈپ قالمايمەن دەپ ئويلىدىم.

ناھايىتى ئۇزاق ئۇچتۇم. باشتا ئېقىن بويلاپ ئۇچتۇم. كېيىن بىر مەھەللىگە كىرىپ قالدىم. مەن چۈشۈمدە كۆرگەن ھېلىقى مەھەللە ئەمەس ئىدى. ھەم ئۇنىڭدەك قورقۇنچلۇقمۇ كۆرۈنمەيتتى. بىراق، مەن شۇنداق بولسىمۇ ئۇنىڭدىن ھەزەر ئەيلەپ ناھايىتى ئېگىز ئۇچتۇم. قانىتىمدا يېتەرلىك كۈچ بار ئىدى. قۇلىقىمدا ئەمدى ئادەملەرنىڭ شاۋقۇنى ئەمەس بەلكى شامالLارنىڭ غۇر-غۇر سوققان ئاۋازى ئاڭلىنىشقا باشلىدى، مەن بۇ ئۇچۇشۇمدا ئۆز نىشانىمدىن بەك يىراقلاپ كەتسەم بولمايتتى. ئەگەر بەك ئۇزاپ كېتىدىغان بولسام بىزنىڭ كۆچۈشىمىزگە تەسىر يېتەتتى. راستىنى ئېيتقاندا مەن ئانامنىڭ كۆچۈش توغرىلىق پىكرىگە ئانچە قوشۇلمايتتىم. بىزنىڭ ماكانىمىز ناھايىتى ئېگىز، يان باغرى تىك قىيانىڭ ئۈستىدە ئىدى. ئۇ يەرگە ئادەملەر تۈگۈل ئۇچار قۇشلارمۇ تەستە قونالايتتى. بىز ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا ئاشۇ جايدا ماكان تۇتۇپ، بىخەتەر ياشاپ كەلگەن تۇرۇپ، ئەمدىلىكتە كۆچمەكچى بولۇۋاتاتتۇق. ئادەملەرنىڭ ئۇنچىۋالا قۇدرەتلىك بولۇشى ناتايىن. مانا مەن ھازىر ئادەملەرنىڭ ئۈستىدە ئۇچۇپ كېتىۋاتىمەن. ھېچقانداق خەتەرنى سەزمىدىم. بەلكىم ئانام زىيادە سەزگۈرلىشىپ كەتكەن بولسا كېرەك.

كەچ كىرىپ ئەتراپ گۇگۇم قاراڭغۇلۇقى ئىچىگە غەرق بولدى. بىر كۈن ئۇچۇپ ھارغىنلىق يەتكەنىدى. گەرچە ئادەملەر بار بۇ يەرگە قونۇش ئويۇم بولمىسىمۇ، بىراق قاراڭغۇدا نىشاندىن ئادىشىپ قالماسلىق ئۈچۈن ئارام ئالمىسام بولمايتتى. جەنۇب، شىمال، غەرب تەرەپلەرنى كۆزىتىپ بولدۇم. بۇ يەرلەردە بىز ياشىغاندەك بىرەر ياخشى ماكان ئۇچرىمىدى. بەلكىم، بەك ئېگىز ئۇچۇۋەتكەن بولسام كېرەك. ئەتە شەرق تەرەپنى ئايلىنىپ پەس ئۇچۇشنى كۆڭلۈمگە پۈكتۈم. كېچە يۇلتۇزلىرى كۆكتە چاقناپ تۇراتتى. مەن مۇشۇنداق گۈزەللىككە تولغان بىر دۇنيادا ئۇنداق قورقۇنچ ئىچىدە ياشاشنىڭ تولىمۇ

ئەخمەقلىق ئىكەن لىكىننى ھېس قىلدىم. ئاستا-ئاستا پەسلەپ بىر دەرەخ ئۈستىگە قوندۇم. ئەتە قانداق مەنزىرە ئىچىدە تۇرىدىغانلىقىم نامەلۇم ئىدى. مەن ھەددىدىن زىيادە ئېھتىياتچانلىق قىلىپ، ئېگىز ئۇچۇۋەتكەچكە كۆڭلۈمدىكىدەك بىر ماكان تېپىپ ئۇچراتمىغانىدىم. شۇڭا ئەتە ئۇسۇلۇمنى ئۆزگەرتىپ پەسرەك ئۇچۇشنى ئويلىدىم.

مۆكۈلۈق بىر ئاۋاز شېرىن ئۇيقۇمنى بۇزۇۋەتتى. ھارغىنلىق ئىچىدە شۇنچە شېرىن ئۇخلاپ كېتىپتىمەن. بىر توپ كەپتەر ئەتراپىمدا ئۇچۇپ يۈرەتتى. ئۇلارنىڭ قانىتىدىن مۆكۈلۈق ئاۋاز كېلەتتى. مەن ھەيران قالدىم. ئۇلار بەئەينى ماڭا ئوپمۇ-ئوخشاش كەپتەرلەر ئىدى. تورۇپ ئۇلار مەن چۈشۈمدە كۆرگەن كەپتەرلەرگىمۇ ئوخشاپ قالاتتى. تورۇپ ئوخشىمايتتى. تۈنۈگۈن بىر كۈن ھېچنېمە يېمەي ئۇچقاچقا ھازىر قورسىقىم ئىچىپ كەتكەنىدى. مەن ئۇلاردىن بۇ يەردە بىخەتەررەك بىر ئوتلايدىغان يەرنىڭ بار-يوقلۇقىنى سورىماقچى بولدۇم. ئۇلار يۆنىلىشنى ئۆزگەرتىپ، بىردىنلا مەھەللە سىرتىغا قاراپ ئۇچۇشقا باشلىدى. مەنمۇ ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئەگەشتىم.

— نەگە بارىسىلەر؟ — ئارقىدىراق قالغان بىرسىدىن سورىدىم.

— خامانغا !.

— ئۇ يەردە نېمە قىلىسىلەر؟

— دان ئىزدەيمىز.

— دان دېگەن سىلەر يەيدىغان نەرسىمۇ؟ — ئۇ ماڭا خۇددى يات بىر مەخلۇققا قارىغاندەك غەلىتە چەكچىيىپ قاراپ قويدى: —سەن ياۋا كەپتەركەنسەندە؟

— شۇنداق مەن بۆلجۈرگەن سايدىن كەلدىم.

مەن كەپتەرلەرگە ئەگىشىپ خامانغا چۈشتۈم. بۇ يەردە ھەقىقەتەن كۆمۈلۈپ قالغان بۇغدايلار بار ئىكەن، تەمى شۇنداق تاتلىق ئىدى. بۇ يەر بولىدىكەن، دەپ ئويلىدىم. بۇ جايدا ئادەملەرنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى.

باشقا كەپتەرلەرنىڭ خاتىرجەم تۇرقىغا قاراپ مەنمۇ خاتىرجەم هالدا قورساق توقلاشقا باشلىدىم. سىرتقى دۇنيا هەرگىزمۇ ئانام ئىيتقاندەك ئۇنداق خەتەر بىلەن تولغان ئەمەس ئىدى. خاتىرجەم هالدا ئالدىمدىكى يوغان بىر تال دانىغا بويۇن ئۇزاتتىم، شىددەت بىلەن ئېتىلىپ كەلگەن بىر خىل كۈچ كانىيىمنى كېلىپ بوغدى. ناهايىتى تېزلىكتە كۆتۈرۈلۈپ، ئۆزۈمنى چەتكە ئالماقچى بولدۇم. بىراق، نامەلۇم بىر كۈچ مېنى يەنە شۇنچە تىز يەرگە تارتىپ چۈشتى. ئۆزۈمنى هەر تەرەپكە ئۇرۇشقا باشلىدىم. كەپتەرلەر گۇررىدە كۆتۈرۈلۈپ ئۇچۇپ كېتىشتى. ئاخىرى هالسىزلىنىپ يىتىپ قالدىم. بۇ مەن چۈشۈمدە كۆرگەن هېلىقى مەنزىرىگە بەك ئوخشايتتى. ئادەملەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدىممۇ — نىمە، دەپ ئويلىدىم. بىراق، هازىر يېقىن ئەتراپتا هېچكىم كۆرۈنمەيتتى. قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن بىر چاغدا ئىككى ئادەم يېنىمدا پەيدا بولۇپ قالدى. ئاھ، ئادەملەرنىڭ قولىغا چۈشۈپتىمەن، دېدىم مەن. بىراق، ئۇلار مېنىڭ بويىنۇمنى سىقىپ تۇرغان غايەت زور كۈچنى بوشاتتى.

— ياۋا كەپتەر ئىكەن. — دېدى ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ياشراق بىرسى.

— مەھكەم تۇت، قېچىپ كەتمىسۇن، قانىتىنى بوغۇپ قويايلى، — ئۇلار بىرلىكتە قانىتىمنى بوغۇشلاپ ئاندىن بويىنۇمدىن تۇتۇپ كۆزلىرىمگە قاراشقا باشلىدى.

—ۋاي، بەك ئېسىلكەن، تازا ئامەت كەلدى، — چوڭراقى مېنى قولىغا ئېلىپ قاراپ كەتتى.

—بۇنىڭ بىزگە قىلچە پايدىسى يوق، قويىۋېتەيلى، قارا، ئۇ ئاللىبۇرۇن تىلىنى چىشلەپ ئۈزۈۋاپتۇ. بۇنداق كەپتەرگە ئۇچراپ قالغاندا قويۇۋەتمەي ئامال يوق. ئادەتتە كەپتەرلەرنىڭ باشچىلىرى شۇنداق بولىدۇ.

— هېچ بولمىسا ئۇنى بىر ئۇۋا كۆپەيتىۋالايلى.

— ئۇ ئەمدى دان يىمەيدۇ، سۇ ئىچمەيدۇ، تاكى ئۆلۈپ كەتكۈچە سەن بىلەن قارشىلىشىدۇ.

— قاراپ تۇرۇپ قويۇۋېتەمدىم؟ — دېدى ياشراق ئادەم.

ـــ ئىختىيارىڭ، بىراق، ھايال ئۆتمەي سۆزۈمنىڭ راستلىقىنى بىلىپ قالىسەن، مەنمۇ مۇشۇنداق بىر كەپتەرنى تۇتۇۋالغان، دەسلەپتە قويۇپ بېرىشكە كۆزۈم قىيمىدى. بىر ھەپتىدىن كېيىن ئۆلۈپ كەتتى.

ـــ مەن بۇنى چوقۇم كۆندۈرىمەن، ـــ دېدى ئۇ.

ھەرگىز قۇلۇقىغا كۆنمەيمەن. بىر ئامالنى قىلىپ چوقۇم قېچىپ كېتىمەن، دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە، ئانامنىڭ سۆزىنى ئېسىمدە تۇتماي، بۇ كۇنگە قالغىنىمدىن تولىمۇ نومۇس ھېس قىلدىم. كۈچ بىلەن يۇلقۇنۇپ ئۇنىڭ قولىدىن بوشاپ ئۇچۇپ چىقتىم، بىراق ئانچە ئۇزۇن بارمايلا يەرگە گويا بىر پارچە چالمىدەك پوككىدە چۈشتۈم.

ـــكاساپەت، ھېلىمۇ ياخشى قانىتىڭنى بوغۇپ قويۇپتىمەن. بولمىسا قەيەرلەرگە كېتىپ قالار بولغىيتتىڭ؟ ـــئۇ مېنى خالتىدەك بىر نەرسىگە سولاپ نەگىدۇر ئېلىپ باردى. ئاندىن قانىتىمنى مەھكەم قامالاپ، سىمدىن توقۇلغان بىر تورنىڭ ئىچىگە سولىۋەتتى. تور ئىچىدىكى بىر قانچە كەپتەر گۇررىدە بىر بۇلۇڭغا قىستالدى.

ـــ قارىغاندا ئاچ قالغان ئوخشايسەن، بولمىسا بىر تال داننى دەپ مېنىڭ قىسمىقىمدا پالاقلاپ ياتماستىڭ. ـــئۇ قەپەسكە بىر سىقىم داننى چېچىپ سۇ قويدى. كەپتەرلەر گۇررىدە يىغىلىپ داننى يېيىشكە باشلىدى. بىراق، مېنىڭ ئۆچمەنلىكىم شۇ دەرىجىگە يەتكەن ئىدىكى، مۇمكىن بولسا ھازىرلا قەپەسكە ئۇسۇپ ئۆلۈپ ئالغۇم كېلەتتى. بىراق، قانىتىم بەك چىڭ تېڭىۋېتىلگەن بولغاچقا پەقەتلا مىدىرلىيالمىدىم. بېشىمنى ئاران كۆتۈرۈپ، ئەمدىلا تىكلەشكەن قۇياش نۇرىغا قارىدىم. ئاھ ئۆيدىن ئايرىلىپ بىر كۈن بولماي تۇرۇپلا ئادەملەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدىم ـــ ھە، ئانام بۇ ھالىمنى كۆرسە نېمە دەپ ئويلاپ قالار؟ ھالسىز ھالدا پوكىنىمنى يەرگە قويۇپ ياتتىم. چۈشۈمدە ئانامنى كۆرۈپتىمەن. ئۇ كۆپ كۆك ھاۋا بوشلۇقىدا تۇرۇپ مېنى يېنىغا چاقىرغۇدەك. تۇرۇپلا يېنىدا داداممۇ پەيدا بولۇپ قاپتۇ. ئۇنىڭ قامىتى شۇنداق كۆركەم بولۇپ تولىمۇ ھەۋەسىم كەلدى. ئۇلار مېنى چاقىرغاندەك قىلدى. بەلكىم قۇلىقىمغا شۇنداق ئاڭلانغاندۇ.

مەن ئۇلارغا قاراپ ئۇچتۇم. ئۇچقانسېرى ئۇلار مەندىن يىراقلاشتى. ئۇچۇشتىن توختىسام ئۇلارمۇ يىراقلاشتىن توختايتتى. ئۇچۇۋېرىپ ئېغىزىممۇ قۇرۇپ كەتتى. ئانا، سۇ، دەپ ئويغىنىپ كەتتىم، بېشىمدا ھېلىقى ئادەم سۆزلەۋاتاتتى.

—بۇ بەك جاھىل كەپتەركەن، بەش كۈن بولدى ھېچنەرسە يېمەيدا ا.

— ئۇنى باققانىنىڭ پايدىسى دېمىدىممۇ؟ ــبۇ ھېلىقى كۈندىكى ياشتا چوڭراق كىشى ئىدى.

— ئەمدى بۇنداق تۇرۇۋەرسە ئۆلۈپ قالىدۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە بالىلىرىمغا شورپا قىلىپ بېرەي.

— ئۇنىڭدىن قانچىلىك شورپا چىقماقچىدى، بەلكىم، ئەمدى يېسەك ساگا زىيان قىلىپ قىلىشىمۇ مۇمكىن. ياخشىسى قويىۋەت. بۇنداق ئېسىل سورتلۇق كەپتەرنى قاراپ تۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويساق بولمايدۇ.

— بىراق ئۇنى قويۇۋەتسەممۇ بىزگە ھېچقانداق پايدىسى بولمايدۇ دە.

— ھازىرمۇ بەرىبىر پايدىسى يوق

—باشتىلا شورپا قىلىۋېتىدىغان گەپكەنتۇق. ــئۇ ساگىلاپ تۇرغان قانىتىمنى بىر پەس تۈزەشتۈرۈپ ئاندىن مېنى قويۇپ قويدى.

—كۆكتە قۇياش كۈچلۈك نۇر چېچىپ تۇراتتى. مەن پۈتۈن ۋۇجۇدۇمدىكى كۈچ-قۇۋۋىتىمنى يىغدىم. كۆككە قاراپ ئۇچماقچى بولدۇم. بىراق، قەپەس، سىم تور يەنىلا يولۇمنى توسۇپ تۇراتتى. مەن نەچچە كۈندىن بىرى ئۇنىڭغا ئۆزۈمنى ئۇرۇپ ئۇنى بۆسۈپ ئۆتەلمەيدىغانلىقىمغا كۆزۈم يەتكەنىدى. لېكىن، ۋۇجۇدۇمدا ئازراق كۈچ يىغىلىپ، ئەسلىگە كەلگەن ھامان ئۇنىڭغا تاشلىنىپ باقاتتىم. مەن بۆسۈپ ئۆتمەكچى بولغان سىم تور شۇنداق قۇدرەتلىك ياسالغانىدى. ئۇنىڭغا ئادەملەرنىڭ يۈكسەك ئەقىل-پاراستى جەملەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭدىن سىرتتىكى بارلىق ئەركىنلىكنى كۆرۈپ تۇرغىلى بولاتتى. بىراق، ئۇنىڭغا ھەرگىز ئېرىشكىلى بولمايتتى. قەپەس، ئىچىدىكى ھاۋا بىلەن

سىرتتىكى ھاۋا ئوخشاش. بىراق، ياشاش شەكلى ئوخشىمايتتى. بۇ تورنى توقۇغان ئادەملەرنىڭ نىيىتى شۇنداق قارا ھەم باغرى شۇنچىلىك قاتتىق ئىدى، ئۆز ئەركىنلىكى ئۈچۈن تىنىمسىز كۈرەش قىلىۋاتقان بۇ كىچىككىنە جاننىڭ جاسارىتى ئۇلارنى قىلچە تەسىرلەندۈرەلمەيتتى. ئەمدى ئۇلارغا قىلچە پايدام تەگمەيدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ مېنى روھىي قۇللۇققا ئالماقچى بولاتتى. جاندىن باشقا ھېچنېمە قالمىغان بۇ كىچىككىنە جىسمىمنى قىيناش ئارقىلىق ئۆز مەقسىتىگە يەتمەكچى بولاتتى. ئەڭ قەبىھ يېرى ئۇلار مېنى ئۆلەي دەپمۇ ئۆلەلمەيدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويغانىدى. ئىچىمدە شۇنداق نىدا قىلاتتىم. ئەي، ئەركىنلىكنىڭ قاتىلى بولغان رەھىمسىز ئادەم، يا مېنى ئۆلگىلى قوي، يا بولمىسا ئەركىنلىكىمنى بەر!

تۇيۇقسىز تونۇش بىر ھىد بۇرنۇمغا ئۇرۇلدى. ۋۇجۇدۇمدا بىردىنلا كۈچ يىغىلدى، ئانا! ... مەن ھاياجان ئىچىدە بېشىمنى كۆتۈردۈم. ئانامنىڭ كۆزلىرى بىر خىلجىددىيلىك بىلەن چاقناپ تۇراتتى. ئۇ مىنىڭ يۇلۇنغان قانىتىم، ساڭگىلاپ قالغان تۇمشۇقۇم، پۈرلىشىپ، ئەسكى كىگىزدەك بولۇپ كەتكەن قاناتلىرىمغا بىر خىل ئېچىنىش ئىچىدە قارىدى.

— ئانا كەچۈرۈڭ. ئىشەنچىڭىزنى يەردە قويدۇم. مەن ھەرگىزمۇ سىزنىڭ پەرزەنتىڭىز بولۇشقا لايىق ئەمەس ئىكەنمەن، — مەن گۇناھكارلارچە بېشىمنى ئەگدىم. ۋۇجۇدۇم نومۇس كۈچىدىن ئۆرتىنىپ كەتتى. نېمىشقىمۇ ئانام كەلگۈچە ئۆلۈۋالمىغانلىقىمغا ئېچىندىم.

—ياق، سەن ئۆزۈڭ قىلالايدىغان ئىشنىڭ ھەممىسىنى قىلدىڭ بالام. ئەمدى ئۇنى ئاخىرىغا چىقار.

— بىراق، ئانا، مەن بىر مەھبۇسقا ئايلىنىپ قالدىم. ئاجىزلىقتا شۇ دەرىجىگە يەتتىمكى ئۆلۈۋالاي دەپمۇ ئۆلۈۋالالمىغۇدەك ھالغا چۈشۈپ قالدىم.

—بۇ مانا مەن دەپ بىلىنىپ تۇرۇپتۇ، مەن سېنى ئەركىنلىككە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن كەلدىم بالام.

— بىراق، مىنىڭ ئەمدى ئەركىنلىككە چىققۇم يوق. مەن ئەمدى بۇ ئەپتىم

بىلەن ھەرگىزمۇ سىزنىڭ بالىڭىز بولۇشقا لايىق ئەمەس.

— مەن ساڭا ئەركىنلىك ئىلىپ كېلىمەن بالام. سەن يەنىلا مېنىڭ باتۇر بالام بولىسەن. سەن ھەرگىزمۇ قۇللارچە ئەمەس، باتۇرلارچە ئۆلۈشۈڭ كېرەك، — ئانام شۇنداق دەپلا بوغۇزىدىكى دانلارنى ياندۇردى، — بۇ زەھەرلىك بولىدىغان دانلار ئىدى. سەن بۇنى يېسەڭلا ئۇلارنىڭ قۇللۇقىدىن ئازاد بولىسەن. شۇنداقلا جەمەتىمىزنىڭ ئابرۇيىنىمۇ ساقلاپ قالىسەن. ئېسىڭدە بولسۇن! ئەركىنلىكنى مەڭگۈ ھېسداشلىق ئارقىلىق قولغا كەلتۈرگىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن قان ئاققۇزماق كېرەك. قېنى، تۇمشۇقۇڭنى يېقىن ئەكەل.

مەن ئانامنىڭ قەتئىيلىك چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىگە ئاخىرقى قېتىم تىكىلدىم. ئۇ شۇنچىلىك خاتىرجەم، شۇنچىلىك قەيسەر ئىدى. مەن پۇچۇلۇپ ساڭگىلاپ قالغان تۇمشۇقۇمنى ئۇنىڭغا تەڭلىدىم. بۇ ئەركىنلىك ئۈچۈن قۇرۇلغان توسۇقلارنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ كەتكەن ئەڭ قۇدرەتلىك قورالىم ئىدى. بىراق، ئۇ رەھىمسىز توسۇقنى چوقۇلاۋېرىپ ئاخىرى سۇنۇپ، مۇشۇنداق ھالەتكە كېلىپ قالغانىدى. زەھەرلىك بولىدىغان ۋۇجۇدۇمدا بىر ئەركىنلىكنىڭ جارچىسى بولۇپ ئورۇنلاشتى. ئەڭ ئاخىرى ئەركىن ئۆلۈش پۇرسىتىگە ئىگە بولدۇم، دەپ شادلاندىم. روھىم بىر خىل ئازادىلىك ئىچىدە يېلىنجاشقا باشلىدى. ئاسمان شۇنچىلىك سۈزۈك، ئەتراپ شۇنچىلىك تىمتاس، دۇنيا يەنىلا گۈزەل ئىدى. بۇلۇڭدىكى بىر توپ كەپتەرلەر ماڭا ھەيرانلىق بىلەن قاراپ تۇراتتى.

2004 - يىل 24 - مارت، مارالبېشى

بۇ ھېكايە قەشقەر ئەدەبىياتى ژۇرنىلىنىڭ 2004 - يىللىق 5 - سانىغا بېسىلىپ، كېيىن خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن چەكلىنىشكە ئۇچرىغان. ئاپتور ھازىرمۇ خىتتاي تۈرمىسىدە.

# سۇلايمان گوۋاھ

## تاھىر تالىپ

مېھمان كەلدى دىدى باللار،
خوش كېلىپسىز دىدىم مەنمۇ ھەم.
دەستخاننى كەڭ سالدىم ئاۋا،
ئەھۋال سوراپ يەنە، دەممۇ ـ دەم.

چۈشۈرمىدىم تۆرىدىن ھىچقاچان.
ھەم يىگۈزدۈم تويۇپ يانغۇچە،
باغ ـ ۋاراندا ئوينىتىم كۈتتۈم،
ئۇ يايرىدى كۆڭلى قانغۇچە.

قورساق سىلىپ، سەمرىپمۇ كەتتى،
پولو ـ گۆش يەپ بىزنىڭ لىگەندىن.
لېكىن مېھمان تەۋرىمەس يەنە،
ئېغىز ئاچماس قايتىش دىگەندىن.

ئويلاپ قالدىم قانداق مېھمان بۇ،
كۆرمىگەنمەن كەتمەس مېھماننى.
بۇ مېھماننىڭ خۇلق مىجەزى،
ھەيران قىلدى تامامى جاننى.

كېين ئۇقسام ئاكام ئىكەن ئۇ،
دادام تاپقان ھەجگە چىققاندا،
قوچاقلاشتۇق قايتىدىن ئۇزاق،
ئېچىلمىغان سىرنى ئۇققاندا.

ئۆگەي ئانام ـ يوللاپتۇ ئۇنى،
ئاتاڭ قايتقان يولدا چاپقىن دەپ،
ئابى زەمزەم ئېلىپ كوزىغا،
ئىنلەرنىڭ ئۆيىنى تاپقىن دەپ.

ئۇمۇ تۆردىن چۈشمىدى كىين،
مەن يەتكۈزدۈم تۇققانچىلىقنى،
تاپا قىلسا، غىڭ ـ پىڭ قىلمىدىم،
سىر تۇتمۇدۇم بىر تال تېرىقنى.

مانا ھازىر مەن ئاڭا مىھمان،
قورۇنىمەن ئۆز ئۆيۈمدىنمۇ.
ئۇنىڭ ئەجرى كۆپتەك بىلىنەر،
ھەتتا ئىچكەن چاي ـ سۇيىمدىنمۇ.

گاھى فارس، گاھى ئەرەبى،
سۆزلەيدۇ ئۇ كۈندە ماڭا ھەم.
ئەقىل ئۇندىن، پۇت ـ قول مېنىڭدىن،
خوش ـ خوش دەيمەن ئاڭا دەممۇ ـ دەم.

مەن مۇشۇنداق ئەۋلاد ئىكەنمەن،
كۆڭلۈممۇ ئاق باغرىممۇ يۇمشاق.
ئىشەنمىسەڭ سۇلايمان گوۋاھ،
قۇشلارغىمۇ بولىمەن قونداق.

# ھازىدار بوغدا بۆگۆن

مۇھەممەتجان راشىدىن

ھازىدار بوغدا بۆگۆن، باغرىدا ھەر جان ھازىدار.
ياش تۆكۈپ قەشقەر، ئىلى، يىغلايدۇ تۇرپان ھازىدار.

مەن قۇمۇلنى ئايلىنىپ چىقسام خىيالەن بۇ سەھەر،
قايغۇدا پۈتكۈل شەھەر، سەھرادا دېھقان ھازىدار .

باغقا كىرسەڭلا گۈدەكلەر، ئۇندا كۆلمەڭلار لېكىن.
ئەھلى گۈل ماتەمدىدۇر، تامامىي رەيھان ھازىدار .

مايسا ـ سۇمبۇل جىم بولۇشسا، ۋەجى كەچكۈزدىن دېمەڭ،
نەۋقىرانلار كەتتى ئۇچۇپ، شۇڭلاشقا بوستان ھازىدار.

تولغىنىپ ئېرتىش، ئىلى، تارىم، تۈمەن دەرياسىمۇ،
ئاقتى ھەسرەت ئىلىكىدە، باغرىدا قان ـ قان ھازىدار.

# ئانىنىڭ تىلىكى

(شاۋگۇەن ۋەقەسىدە ئېرىدىن ئايرىلىپ قالغان بىر ئانىنىڭ ئوغلىغا قىلغان نەسىھەتى)

رازى بولسۇن دېسەڭ گەر ئانام،
شېھىت كەتكەن رەھمەتلىك ئاتام،
ئابدۇراخمان، قۇربانجان كەبى،
جەڭچى بولۇپ يېتىلگىن بالام!

ئاتاڭ ئۆلدى دۈشمەن قولىدا،
جەسەتنىمۇ بەرمىدى كاپىر!
ياشىمىساڭ قىساس يولىدا،
ئۆلسەم كۆزۈم يۇمۇلماس ئاخىر ...

قوشۇۋالسام قاتارغا سېنى،
مەنمۇ جەڭگە تەييار بولىمەن!
بوش كەتمەيدۇ ئاتاڭنىڭ قېنى،
قىساس ئېلىپ، راھەت ئۆلىمەن!

ئۇيغۇرلارنىڭ باتۇر ئۆلگىسى،
ئابدۇراخمان، قۇربانجان دېمەك.
ھەممە ئىنسان ئاخىر ئۆلگۈسى،
لېكىن ئۇنداق ئۆلمەكتۇر بۆلەك!

داھىي بولۇپ ياشايمەن دېمە.
ھوقۇق ئىستەپ بولما ئاۋارە.
شان ـ شەرەپنىڭ غېمىنى يېمە،
نەپسىڭ ئۈچۈن بولما بىچارە.

ئاسماندىكى ئاي بولىمەن دەپ،
خام خىيالدا ئېزىپ يۈرمىگىن.
پۇلى سانسىز باي بولىمەن دەپ،
ھارام يولدا كېزىپ يۈرمىگىن.

شەرىئەتتە قىساس پەرزدۇر.
ئال ئاتاڭنىڭ ئەنتىنى تولۇق.
ئەل ـ ۋەتەننىڭ ھەققى قەرزدۇر،
ئادا قىلغان ھەممىدىن ئۇلۇغ!

2009 ـ يىلى 5 ـ ئىيۇل
قەشقەر كوناشەھەر